# تۆھىد رىسالىسى

## تارقاتقۇچى

www.islamyoli.net

شەيخ ئەھمەد ئىبنى ھەجەر ئالى بوتامى

جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالات(رەھمەت) ۋە سالام يوللايمىز.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.» (زارىيات سۈرىسى 56 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى پەقەتلا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتقانلىقىنى بايان قىلدۇ، ئەنە تەۋھىد مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر كەلگەن پەيغەمبەرلەر كەلتۈرگەن ئاساسلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ.

تەۋھىدنىڭ لۇغەت مەنىسى، بىر نەرسىنى بىر دەپ بىلىش دېمەكتۇر. شەرىئەتتە بولسا ئاللاھنىڭ زاتى، سۈپەتلىرى ۋە پىئىللىرىدە مىسلى ۋە ئوخشىشى بولمىغانلىقىغا ئىشىنىش بىلەن بىللە ئىبادەتتىمۇ ئاللاھنى يەككە ـ يېگانە دەپ بىلىش، يەنى ئىبادەتنى ئۇنىڭدىن باشقىسىغا قىلماي پەقەت ئۇنىڭغىلا قىلىشتۇر. تەۋھىد — ئىسلام ئەقىدىسىنى ئەقلى ۋە نەقلى دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ چۈشەندۈرىدىغان ئىلىمدۇر.

### تەۋھىدنىڭ قىسىملىرى

تەۋھىد — تەۋھىدى رۇبۇبىيەت، تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت ۋە ئىسىم - سۈپەتلەر تەۋھىدى دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1 - تەۋھىدى رۇبۇبىيەت

ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلارنى ياراتقانلىقىغا، ئۇلارغا رىزىق بېرىدىغانلىقىغا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەكتۇر. بۇ خىل تەۋھىدنى بۇرۇنقى مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار، سابىئىنلار ۋە مەجۇسىلارغا ئوخشاش بارلىق مىللەتلەر ئىقرار قىلىدۇ. بۇنى بۇرۇنقى دەھرى (خۇداسىز - ماتېرىيالىستلار) ۋە بۈگۈنكى كوممۇنىستلاردىن باشقىسى ئىنكار قىلمايدۇ.

## رۇبۇبىيەت تەۋھىدىنىڭ دەلىللىرى

ئۇلۇغ ۋە كەرىم ئاللاھنىڭ «رەب» ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان جاھىللارغا مۇنداق دەيمىز: ئەقلى بار بىركىشى تەييارلىغۇچىسى بولمىغان بىرەر ئەسەر، قىلغۇچىسى بولمىغان بىرەر ئىش ياكى ياراتقۇچىسى بولمىغان بىرەر مەخلۇقات بولغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. سەن بىر يىڭنىنى كۆرسەڭ، ئۇنى بىرسىنىڭ ياسىغانلىقىغا ئىشىنىسەن، ئەمما ئەقىل ۋە تەپەككۈرلەرنى ھەيران قالدۇرغان بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ كائىناتنىڭ بىر ياراتقۇچىسىز پەيدا بولغانلىقىنى قانداقمۇ سۆزلەيسەن! تەبىئەتتىكى يۇلتۇزلار، بۇلۇتلار، چاقماقلار، زېمىنلەر، دېڭىزلار، كېچە — كۈندۈزلەر، قاراڭغۇلۇق، يورۇقلۇقلار، گۈل - گىياھلار، دەل - دەرخلەر، جىنلار، ئىنسانلار، پەرىشتىلەر، ھايۋانلار، ئۇندىن باشقا سانسىزلىغان ماددىلار قانداقمۇ بىر ياراتقۇچىسىز ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، يوقلۇقتىن قانداق پەيدا بولىدۇ. ئى ئاللاھ ساڭا سېغىنىمەن، ئازراق ئەقلى ۋە ئازراق پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بولغان بىر كىشى بۇنداق سۆزلىمەيدۇ، سۆزلىيەلمەيدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا ئاللاھنىڭ رۇبۇبىيىتى ھەققىدىكى دەلىللەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ، ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟!» (تۇر سۈرىسى 35 — ئايەت.) «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ(خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ

ئىلكىدىدۇر، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.» (زۇمەر سۈرىسى 63 – ئايەت.)

ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىز يارىتىلمىغانلىقى ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن پەيدا بولۇپ قالمىغانلىقى ئوچۇق مەلۇمدۇر. ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن بىرسى ياكى ئۇلاردىن نە بۇرۇنقى نە كېيىنكىلەر ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆزلىرىدىن بىر كىشىنىڭ ياراتقانلىقىنى داۋا قىلىشمىدى. ئۇنداق بولسا ياراتقۇچى كىم؟

بۇ سوئالنىڭ پەقەت بىرلا جاۋابى بار. ئىنسان ئۆز نەپسىگە بويسۇنسا مۇشرىكلارنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن باشقا جاۋاب تاپالمايدۇ. بۇ جاۋاب بولسا، «ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئاسمانلار ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتتى دەيدۇ.» (زۇخرۇف سۈرىسى 9 – ئايەت) دېگەندەك جاۋابتۇر.

ئەمما ئاتېئىزمچىلار، كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ نىجىس تەلىماتلىرىغا ئەگەشكەنلەر، ئىنساننى، كائىناتنى ۋە كائىناتنىڭ ئىچىدە بولغان ھەر شەيئىنى تەبىئەتنىڭ پەيدا قىلغانلىقىغا ۋە ئۇلارنى ياراتقۇچىنىڭ تەبىئەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇنىمۇ بىلىدۇلاركى، ئۇلار ئىلاھ قىلىۋالغان ئۇ تەبىئەت ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتلاردىن بىر مەخلۇقتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بىر بۆلۈك سۈپەت ۋە خۇسۇسىيەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن. مەسىلەن، ئاسمان، زېمىن، قۇياش، يۇلتۇزلار، دېڭىزلار ۋە باشقىلارغا ئوخشاش.

تەبىئەت بىز كۆرىۋاتقىنىمىزدەك ھايات، ئىلىم، ئاڭلاش، كۆرۈش، قۇدرەت، ئىرادە، ئەقىل ئىگىسى ئەمەستۇر. بۇنداق ئۇلۇغ سۈپەتلەرگە ئىگە ئىنساننى قانداقمۇ ئۇ كىچىك تەبىئەت يارىتالايدۇ؟

تەبىئەت ئىنسانغا بۇ قەدەر قىممەتلىك سۈپەتلەرنى بەرگەن بولسا، ئۇ ئىنسان دېڭىزلارنىڭ تېگىدە تەتقىقات ئېلىپ بارسا، ھاۋا بوشلۇقىدا يۇلتۇزلارنى كەشىپ قىلسا، ئەمما تەبىئەت بۇنداق خۇسۇسىيەتلەردىن مەھرۇم تۇرسا، بۇ ئەقىلغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ بىر كىشى ئۆزىدە بولمىغان نەرسىنى باشقىلارغا بېرەلمەيدۇ. ئۇلار ئەقىلسىزلىق، جاھالەت ۋە دىن ئەھلىگە بولغان دۈشمەنلىكى بىلەن ھەرتۈرلۈك نوقسانلىقتىن پاك، ھەر تۈرلۈك مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە ۋە كائىناتنى ياراتقان

ئاللاھنىڭ «رەب» ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئەقىل ۋە تۇيغۇ بولمىغان تەبىئەتنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلىشلىرى پەقەت تىللىرىدىلا بولىدۇ. ئەمما دىن ئەھلىگە بولغان دۈشمەنلىكى ئۇلارنى قۇل قىلىدۇ. ئىمانلىرىنى ۋە ماللىرىنى سۇمۇرىدۇ. بۇ خىل كۇپۇرلۇقنىڭ تارقىلىشى بىلەن ھۆررىيەت نامىدا رەزىل ئەركىنلىك، ئىنسانلارنى نومۇسقا قويىدىغان پەسكەشلىك ئېلىپ كېلىدۇ. مال ۋە نومۇسلىرى يوق بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ پىكىر ۋە ئېتىقادلىرىنىڭ نەقەدەر باتىل ئىكەنلىكىنى مۇنداق چۈشەندۈرىش مۇمكىن: تەبىئەت ئىنسانغا مۇسەخخەر قىلىندى. ئىنسان يەر يۈزىدە ھەر شەيئىنىڭ ئەپەندىسى قىلىندى. ياساپ - يوقىتىپ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلدى. تەبىئەت بولسا، بۇنىڭغا پەقەت قارشى چىقمىدى ۋە ئىسيانمۇ قىلمىدى. تەبىئەت ھەر نەرسىنى ياراتقان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە بىر مەنپەئەت كەلتۈرەلمىدى، ياكى بىر زىياننى توسۇپ قالالمىدى. بۇ قانداقمۇ ياراتقۇچى بولالىسۇن؟ بۆيۈك نەرسىلەرنى قويۇپ ئەڭ كىچىك بىر يىڭنىنى ئەتكەن بىر ئۈستىنىڭ بىرىنچىدىن ھايات بولىشى، ئىككىچىدىن ئەقىل، ئىلىم، قۇۋۋەت، ئىرادە ئىگىسى بولىشى لازىم بولۇپ، ياسىماقچى بولغان شەيئىنى ياساش ئۈچۈن لازىم بولغان ئۇسۇلنى قوللىنىشى لازىم. بىر جاھىل( ئىلىمسىز) ئەقىل، ھايات ۋە ئىرادىگە ئىگە بولغان ھالدا ئىلمى بولمىغانلىقتىن خالىغىنىنى قىلالمىسا، قانداقمۇ ئۇ سۈپەتلەردىن ھېچ بىرىگە ئىگە بولمىغان تەبىئەت بۇلارنى يارىتالايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى.) سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددى ۋە مەنىۋى) نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا ئاللاھ ھارىسىدا جېدەللىشىدۇ.» (لوقمان سۈرىسى 20 – ئايەت.)

«ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر(ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ.)» (زۇمەر سۈرىسى 62 – ئايەت)

## مۇشرىكلارنىڭ رۇبۇبىيەت تەۋھىدىگە ئىقرار قىلىشىنىڭ دەلىللىرى

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم ئاللاھ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، ئېيتقىنكى، جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى ئۇقمايدۇ.» (لوقمان سۈرىسى 25 – ئايەت)

«(ئى مۇھەممەد مۇشرىكلارغا ) ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئاسماندىن(يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىيا ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ، تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ، ئۆلۈك شەيئىلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ خالايىقنىڭ ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ ئۇلار بۇلارغا جاۋابەن ئاللاھ دەيدۇ. ئېيتقىنكى، (ئاللاھتىن غەيرىگە چوقۇنۇش بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقماسسىلەر؟ يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى سىلەرنىڭ ھەقىقى پەرۋەردىگارىڭلار؟ ئەنە شۇ ئاللاھتۇر. ھەقىقەتتىن قالسا گۇمراھلىقتىن غەيريي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟» (يۇنۇس سۈرىسى 31 – 32 – 33 – ئايەتلەر)

«ئەگەر سەن ئۇلاردىن، ئاسمانلار ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، دەپ سورىساڭ، ئۇلار ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىپ، ھەممىنى بىلگۈچى (ئاللاھ )ياراتتى دەيدۇ.» (زۇخرۇف سۈرىسى 9 – ئايەت)

مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئېتىقادلىرى ئۇلارنىڭ رۇبۇبىيەت تەۋھىدىگە ئىقرار قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما ئۇلار ئىبادەتتە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ. ئۇلار ئىلاھلىرىنى يارىتىش، يوقتىن بار قىلىش، پايدا - زىيان يەتكۈزۈشتەك ئىشلاردا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، پەقەت بەزى كىشىلەر ئاللاھنى دوست تۇتقاندەك دوست تۇتىدۇ، ئۇنىڭغا بويۇن ئېگىدۇ، ئەنە شۇلار بۇ سەۋەبتىن مۇشرىك بولىدۇ. شۇنى ئوبدان بىلىش لازىمكى، پەقەتلا رۇبۇبىيەت تەۋھىدىگە ئىمان كەلتۈرگەن بىر كىشى مۇسۇلمان بولغان بولالمايدۇ، ئۇلۇھىيەت تەۋھىدىگە ئىمان كەلتۈرمىگىچە مېلىنى، جېنىنى قۇتقۇزالمايدۇ، ئاخىرەتتە جەھەننەم ئازابىدىن نىجات تاپالمايدۇ.

بۇ، ئىبادەت تەۋھىدى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، ئىبادەتتە ئاللاھنى بىر دەپ بىلىشتۇر. مەقامى ۋە دەرىجىسى نەقەدەر يۈكسەك بولسا بولسۇن ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئىبادەتكە لايىق بولالمايدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئۇممەتلەرگە ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد ئەنە بۇ تەۋھىددۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئۇممەتلىرىنى، ئۇ ئۇممەتلەر ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن رۇبۇبىيەت تەۋھىدىگە دەۋەت قىلمىدى. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۇممىتىنى ئۇلۇھىيەت تەۋھىدىگە، يەنى پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، تاغۇت ۋە بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۇچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. بىر ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن، دېدى.» (ھۇد سۈرىسى 25 – 26 – ئايەتلەر)

ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد ئېيتتى: ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سىلەر (ئاللاھتىن غەيرىگە چوقۇنۇش بىلەن) پەقەت (ئاللاھقا)يالغاننى توقۇغۇچىسىلەر.» (ھۇد سۈرىسى 50 – ئايەت)

سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ)ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى، ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن(يەنى تۇپراقتىن)ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.» (ھۇد

سۈرىسى 61 – ئايەت)
شۇئەيىپ ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:
«مەديەن (ئەھلى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ)ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى، ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن باي ھېساپلايمەن، مەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشىڭلاردىن قورقىمەن.» (ھۇد سۈرىسى 84 – ئايەت)
ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ مۇجادىلىسىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:
«پىرئەۋن ئېيتتى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟ مۇسا ئېيتتى، ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقى ئىشىنىدىغان بولساڭلار.» (شۇئەرا سۈرىسى 23 – 24 – ئايەتلەر)
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىلغا دېگەن سۆزىنى ئاللاھ مۇنداق بايان قىلىدۇ:
«مۇسا: ئاللاھ سىلەرنى (زامانىڭلاردىكى )جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىم دېدى.» (ئەراپ سۈرىسى 140 – ئايەت)
ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:
«ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر.» (ئال ئىمران سۈرىسى 51 – ئايەت)
ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەھلى كىتابقا مۇنداق دېيىشنى ئەمر قىلدى:
«ئى ئەھلى كىتاپ (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىرسۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە)ئەمەل قىلايلى دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): (ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان

ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار.» (ئال ئىمران سۈرىسى 64 – ئايەت)
ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانلارغا مۇنداق دەيدۇ:
«ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار.» (بەقەرە سۈرىسى 21 – ئايەت)
خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارنى ئۈلۈھىيەت تەۋھىدىگە، پەقەتلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، تاغۇت ۋە بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇشقا ئەۋەتتى.
ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:
«بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەر قانداق مەبۇدقا ئىتائەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار، دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھىدايەت قىلىنغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ، (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈڭلار.» (نەھل سۈرىسى 36 – ئايەت)
ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى ئۆزقەۋمىگە يەتكۈزۈلدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئاگاھلاندۇرغىنى ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سىلەر (ئاللاھتىن غەيرىگە چوقۇنۇش بىلەن) پەقەت (ئاللاھقا) يالغاننى توقۇغۇچىسىلەر.» (ھۇد سۈرىسى 50 – ئايەت)
**تاغۇت:** تاغۇت، تۇغياندىن تۈرلەنگەن سۆز بولۇپ، ھەددىدىن ئاشقان ۋە ئازغۇنلۇق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. شەيتانغا، كاھىنلارغا ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەر قانداق بىر شەيئىگە تاغۇت نامى بېرىلىدۇ.
ئەللامە ئىبنى قەييۇم بۇ سۆزنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:
«تاغۇت مەيلى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىنغان، مەيلى ئەگىشىلگەن بولسۇن، بەندىلەرنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ھەر نەرسە تاغۇتتۇر. ئاللاھ ۋە رەسۇلىدىن باشقىسىنىڭ ھۆكمىگە رازى بولغان ھەر قانداق كىشى ئۇ جامائەتنىڭ تاغۇتىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنغان ياكى ئاللاھ

كۆرستەتمگەن يولغا ئەگەشكەن ۋە ياكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشى لازىم بولغان ئىشلاردا، بىلمەسلىكتىن بولسىمۇ ئىتائەت قىلىنغان ھەر شەيئى تاغۇتتۇر.»

بۇ ھەقتە ئويلايدىغان بولساق بۈگۈنكى دۇنيا تۈزۈملىرىنىڭ ھەممىسى تاغۇت ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۈگۈنكى دۆلەتلەر قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلغان ھاكىملار تاغۇتلاردۇر. چۈنكى ئۇلار قۇرئان، ھەدىس ۋە ياكى ئۈممەتلەرنىڭ ئورتاق پىكرىگە ئۇيغۇن بولمىغان قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىلاردۇر.

ھاكىمىيەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكى، تالاش ـ تارتىشنى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا تاپشۇرۇش ھەققىدە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە كۆپ يەردە تەكرارلايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«بارچە ھۆكۈملەر ئاللاھقىلا مەنسۇپ.» (يۈسۈپ سۈرىسى 40 – ئايەت)

«ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار؟» (مائىدە سۈرىسى 50 – ئايەت)

«(ئى مۇھەممەد!)پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پەتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.» (نىسا سۈرىسى 65 – ئايەت)

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبىرىگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقى) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش)سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.» (نىسا سۈرىسى 59 – ئايەت)

«كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىردۇر.» «ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر.» «ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر.» (مائىدە سۈرىسى 44 – 45 – 47 – ئايەتلەر)

ئىبادەتنىڭ لۇغەت مەنىسى، ئۆزىنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىش ۋە بويسۇن ئىگىش دېمەكتۇر. ئىبادەت ئۈچۈن ئىككى شەرت لازىمدۇر. بىرىنچىسى كىچىكلىكىنىڭ ۋە بويسۇنۇشىنىڭ، يەنە بىرى بولسا مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىدۇر. شەيخۇلئىسلام مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەت، ئاللاھقا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە مۇھەببەت ۋە غايەت كىچىكلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

بىر كىشىنى يامان كۆرگەن ھالدا، ئۇنىڭغا بويسۇنغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان بولمىغىنىدەك، بالىلىرىنى، دوستلىرىنى بەك ياخشى كۆرۈش سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا بۇلاردىن بىرىنىڭ بولۇشى ئىبادەت مەنىسى ئۈچۈن يېتەرلىك بولمايدۇ. ئەكسىچە بەندىلەر ھەممە نەرسىدىن بەك ئاللاھنى سۆيۈپ، ئۇنىڭدىنمۇ بۈيۈك نەرسە يوق دەپ بىلىپ، ئاللاھتىن باشقىسىنى ھەقىقى مەنىسى بىلەن مۇھەببەت، ھۆرمەتكە ۋە بويسۇن ئىگىشكە لايىق كۆرمەسلىكى لازىم. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىندىشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولدا جىھات قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى)كەلگۈچە كۈتۈڭلار.» (تەۋبە سۈرىسى 24 – ئايەت)

ئىبادەت شەرىئەتتە بولسا، شەيخۇلئىسلام دېگەندەك، ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈملىرىگە ئەگىشىشتۇر. شەيخۇلئىسلام مۇنداق دەيدۇ:

«ئىبادەت مەيلى سۆز بىلەن ياكى ھەرىكەت بىلەن مەيلى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا بولسۇن ئاللاھ تائالا رازى بولغان ۋە ياخشى كۆرگەن ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى

ئۆزئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر.»
مۇسۇلمانلارغا يۈكلەنگەن ھەرتۈرلۈك ئىبادەتلەر رەببىنى بىر دەپ بىلىشى، يالغۇز ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىشى ۋە بۇ ئىبادەتلەرنى پۈتۈنلەي رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە ۋە ئۇنىڭ يولغا قويغان سۈننىتىگە ئۇيغۇن قىلىشتۇر.

## ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى

ئىبادەت، ناماز، تاۋاپ، ھەج، روزا، نەزىر، ئېتىكاپ، قۇربانلىق، سەجدە، رۇكۇ، قورقۇش، تەۋەككۈل، سېغىنىش، ئۈمىد قىلىشتەك ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدە ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدا يولغا قويۇلغان پۈتۈن سۆز - ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
بۇلاردىن قايسى بىرىنى ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قىلغان كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتەرگەن بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:
«كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا ئاللاھقا قوشۇپ يەنەبىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساپ بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجاد تاپمايدۇ.» (مۆمىنۇن سۈرىسى 117 – ئايەت)
«مەسجىدلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھقا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار.» (جىن سۈرىسى 18 – ئايەت)
بۇ ئايەتتىكى «**أحد**» (بىر) كەلىمىسى نەھىدىن كېيىن كەلگەنلىكتىن پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە سالىھ كىشىلەردىن پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## شېرىكنىڭ تۇنجى قېتىم پەيدا بولۇشى

شېرىك تۇنجى قېتىم نوھ ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئىچىدە پەيدا بولغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا نوھ ئەلەيھىسسالامنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ بولسا، قەۋمىنى يېگانە بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئاللاھتىن باشقا چوقۇنغان بۇتلاردىن

يۈز ئۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. قەۋمىنىڭ نوھقا بەرگەن جاۋابى، مۇشرىكلىقتا چىڭ تۇرۇش ۋە نوھ ئەلەيھىسسالامنى كۇپۇرلۇققا چىقىرىش بولدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار: مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلەر، ۋەئدنى، سۇۋائىنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلەردى.» (نۇھ سۈرىسى 23 – ئايەت)

ئىبنى ئاباس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن )بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىسىملەر نۇھنىڭ قەۋمىدىن بىر قىسىم سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى ئىدى. ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەيتان ئۇلارنىڭ قەۋملىرىگە بۇلارنىڭ ئولتۇرغان يەرلىرىگە ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلەشنى ۋە بۇ ھەيكەللەرگە سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار شۇنداق قىلىشتى. ئىنسانلار باشتا بۇلارغا چوقۇنمايتتى. ئەمما بۇ ھەيكەللەرنى تىكلىگەنلەر ئۆلگەندىن كېيىن، ھەيكەللەرنىڭ تىكلىنىش مەقستىنى ئۇنۇتتى ۋە ئۇندىن كېيىن كەلگەنلەر ھەيكەللەرگە ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى.»

ئىبنى قەييۇم ئېيتىدۇكى، «سەلەپتىن (ئۆتكەنكىلەردىن)بىر گۇرۇپ كىشىلەر مۇنداق دېيىشتى: بۇ سالىھ كىشىلەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۇلارنىڭ قەۋرىلىرىنى ئىبادەت مەيدانى قىلىشتى، كېيىن ھەيكەللەرنى تىكلىدى. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشتى.»

## سالىھلار ھەققىدە چېكىدىن ئېشىپ كېتىش شېرىككە سەۋەب بولىدۇ

بۇ ۋەقەدىن مەلۇم بولىدۇكى، سالىھلارغا ئارتۇقچە ھۆرمەت قىلىش، ئىنسانلارنىڭ شېرىككە بېرىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى چېكىدىن ئېشىپ كېتىش دېگەندىن مەقسەت، سۆز ۋە ئېتىقات بىلەن ئۇلارنى ھەددىدىن ئارتۇق ھۆرمەتلەش دېمەكتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەھلى كىتاپ (ناسارالار جامائەسى)دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەق(سۆز)دىن باشقىنى ئېيتماڭلار، (يەنى ئاللاھقا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقات قىلىڭلار)، مەسىھ ئىيسا مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر (سىلەر

گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە ئاللاھنىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر.» (نىسا سۈرىسى 171 - ئايەت) يەنى ھۆرمەت بىلدۈرۈشتە چېكىدىن ئېشىپ ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن دەرىجىدىن ئارتۇق ئۇلۇغلاپ، ئاللاھتىن باشقىسىغا لايىق بولمىغان مەرتىۋىدە قويماڭ. بۇ يەردىكى خىتاپ ئەھلى كىتاپقا بولسىمۇ، ئومۇمى بولۇپ، پۈتۈن ئۈممەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام، يەھۇدىلار ئۈزەير ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى ئۆتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن )دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «خرىستىئانلارنىڭ ھەزرىتى ئىيسانى ماختاپ ئاسمانغا چىقارغىنىدەك، مېنى ماختاپ ئاسمانغا چىقارماڭلار. مەن پەقەتلا بىر بەندە، مېنىڭ ھەققىمدە ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى دەڭلار.» يەنى مېنى ماختىغاندا چېكىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئۇنداق بولمىغاندا، مېنى ئاللاھنىڭ بەرگەن مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، خرىستىئانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلغان بولىسىلەر. چۈنكى خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇشۇنداق قىلدى ۋە كېيىن ئۇنى ئىلاھ قىلىۋالدى. مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، جاھىللار ۋە خۇراپاتچىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي، ئۇنىڭ قىلما دېگىنىنى قىلدى. خرىستىئانلارنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ۋە مۇشرىكلىقىنىڭ ئۆز ئەينىنى قىلىپ، ئەۋلىيا ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ قەۋرىلىرى ئۈستىدە گۈمبەز ۋە مەسجىد ياساپ ئۇ يەرلەردە ناماز ئوقۇشتى. بۇ نامازلار خالىس ئاللاھ ئۈچۈن بولسىمۇ، بۇنىڭ بىلەن قەۋرە ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلماقچى بولدى، قەۋرىلىرىنى تاۋاپ قىلىشتى، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ياردەم تىلىدى، ئېھتىياجلىرىنى قامداپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەۋلىيالارنىڭ تۈربە (قەۋرە)لىرىدە ئوقۇغان نامازلارنى مەسجىدلەردە ئوقۇغان نامازدىن تېخىمۇ ئەۋزەل دەپ قارىدى. ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رەسۇلۇللاھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى كېسىلىدە، بىر پارچە ماتا بىلەن يۆگىنەتتى. نەپىسى سىقىلسا ئاچاتتى. مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا، «ئاللاھنىڭ لەنىتى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارغا بولسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەۋرىلىرىنى مەسجىد ھالىتىگە كەلتۈردى» دېدى. جاھىللار بۇ

ھەقتە چېكىدىن ئېشىپ كەتتىكى، ئاللاھتىن باشقىسىدىن تەلەپ قىلىش شېرىك بولغان بەزى تەلەپلىرىنى شېئىر ۋە ئەدەبى سۆزلەر بىلەن پەيغەمبەر ۋە سالىھلاردىن سوراشقا باشلىدى. ئۇلار غەيىپنى بىلىدۇ، دېيىشتى. بەزىلەر ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىكى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن بولغان ۋە بولىدىغان ھەر شەيئىنى بىلەتتى دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن قۇرئاننىڭ ئوچۇق بايانىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «غەيىپنىڭ غەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ. (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر.» (ئەنئام سۈرىسى 59 - ئايەت)

«قىيامەتنىڭ (بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى، ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا ياغدۇرىدۇ، بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بىجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى - يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.» (لوقمان سۈرىسى 34 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ خالىمىغان ئىكەن ئۆزەمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزەمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، (قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى قانداقمۇ بىلەي؟) ئەگەر مەن غەيىپنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم.» (ئەئراپ سۈرىسى 188 - ئايەت)

«ئاللاھتىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيىپنى بىلمەيدۇ. ئۇلار(يەنى خالايىق)قاچان تىرىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.» (نەمل سۈرىسى 65 - ئايەت) بۇ

ئايەتلەردە كۆرۈلگىنىدەك غەيىپنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن )مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر كىشى مۇھەممەد غەيىپنى بىلىدۇ دەپ گۇمان قىلسا، ئاللاھقا چوڭ ئىپتىرا قىلغان بولىدۇ.» رەسۇلۇللاھنىڭ بەزى غەيببى ۋەقەلەرنى بىلىشى پەقەت ئاللاھنىڭ ۋەھيسى بىلەن بولاتتى. شېرىك تۇنجى قېتىم سالىھلار ھەققىدە ھەددىدىن ئارتۇق مۇھەببەت يۈزىدىن ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئاۋۋالقىسىدىن ئاخىرقىسىغا قەدەر پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئۇلارنى ياراتقۇچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكى ئېتىقادىغا ئەمەس، پەقەتلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدى. چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇشرىكلار ھەر شەيئىنى ياراتقۇچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار:(ئى ھۇد) ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەبۇتلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟» (ئەئراپ سۈرىسى 70 - ئايەت)

## ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى

ئىبادەت يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ناماز، تاۋاپ، قۇربانلىق، سەجدە، رۇكۇ، قورقۇش، تەۋەككۇل قاتارلىقلاردۇر.

رۇكۇ ۋە سەجدە ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار) (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش – ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار.» (ھەج سۈرىسى 77 - ئايەت)

ناماز ۋە قۇربانلىق ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد)ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا(يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن.» (ئەنئام سۈرىسى 162 - 163 - ئايەتلەر)

«پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نامى قالمايدۇ.» (كەۋسەر سۈرىسى 2 - 3 - ئايەتلەر)

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغۇچىغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن.»

نەزىر ۋە تاۋاپ ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن، (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن) ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمى بەيتنى (يەنى بەيتۇللاھ)نى تاۋاپ قىلسۇن.» (ھەج سۈرىسى 29 - ئايەت) يەنى ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن نەزىر قىلمىسۇن ۋە ئاللاھنىڭ ئۆيىدىن باشقىسنى تاۋاپ قىلمىسۇن دەپ ئەمر قىلىنىدۇ. ئەۋلىيالار، سالىھلار ئۈچۈن نەزىر قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قەۋرىلىرىنى تاۋاپ قىلىش جائىز ئەمەستۇر. جىيلانى، ھۈسەيىن، بەدەۋى، دوسۇقى ۋە شۇلارغا ئوخشاش زاتلارنىڭ قەۋرىلىرىنى تاۋاپ قىلىش شېرىك بولىدۇ. بىر بۆلۈك بىدئەتچى ۋە جاھىل خۇراپاتچىلار سالىھلارئۈچۈن نەزىر قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر بولسا پارىس قولتۇقىدىكى بەزى ئەرەپ دۆلەتلىرىدىن ئىرانغا ئەۋلىيالارنىڭ تۈربە ۋە گۈمبەزلىرىنى رېمونىت قىلىش ئۈچۈن پۇل ئەۋەتىدۇ. ھىندىستان ۋە پاكىستانلىق نۇرغۇن كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بۇلار ئابدۇلقادىر جىيلانى ئۈچۈن نۇرغۇن ماللارنى ئاتاپ ئۇنىڭ قەۋرىسگە ئەۋەتىدۇ. يەنىلا ئەھلى سۈننەت ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ ھەم چەكلەنگەن بۇ ئىشلارنى سادىر قىلىدۇ. ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئىران شىئەلىرى بولسا، نەجەپ، كەربالا، خۇراسان ۋە قۇمدىكى ئەھلى بەيتنىڭ قەۋرىلىرىگە مال نەزىر قىلىدۇ. نۇرغۇن شەھەرلەردىن سەپەر ھازىرلىقى قىلىپ، ئۇ قەۋرىلەرنى تاۋاپ قىلىش ۋە ئۇلاردىن ياردەم تىلەش، ئېھتىياجلىرىنى قامداش، غەم - قايغۇلىرىنى يوق قىلىش ۋە ئاسمان - زېمىننى ياراتقان ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق بىركىشىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان شەيئىلەرنى تىلەش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قەۋرىلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئەۋلىيا ۋە سالىھلارنىڭ قەۋرىلىرىگە نەزىر قىلىش جائىز بولمىغىنىغا ئوخشاش، بۇلارنىڭ نامىغا ۋەخپى قىلىشمۇ جائىز ئەمەستۇر. ئۆي ۋە زېمىنلەرنى بۇلار ئۈچۈن ۋەخپى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن نەزىر قىلىشنى نىيەت قىلغان كىشىگە نەزىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم بولمايدۇ. ئەكسىچە ئاللاھقا

تەۋبە ۋە ئىستىغبار قىلىشى ۋە شاھادەت ئېيتىشى يەنى «لا اله الا الله محمد رسول الله» دېيىشى لازىم. چۈنكى ئاللاھتىن باشقىسىغا نەزىر قىلىش شېرىكتۇر. ئەۋلىيالارنىڭ قەۋرىلىرىگە ئۆي، مۈلۈك ياكى ھايۋان ۋەخپى قىلغۇچىلارنىڭ ۋەخپىلىرى باتىلدۇر. بۇنداق ئىشقا ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ۋەسىيىتى باتىلدۇر ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقمىغان بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن ھىدايەت ۋە رەھمەت تىلەيمىز. بەزىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: «نەزىر ئاللاھ ئۈچۈن، ساۋابى ۋەلى ئۈچۈن.» بۇ سۆز ئاساسسىز باتىل سۆزدۇر ۋە ئازغۇنلۇقتۇر. بۇيەرگە ۋەلى نەدىن كەلدى؟ ئەگەر سەدىقە بولسا، ئۆزى ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى ئۈچۈن پېقىرلەرگە سەدىقە قىلسۇن، ئۇ قەۋرىدىكى كىشىنىڭ ۋەلى ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ. كۆرۈنۈشتە سىددىق بولۇپ، ئىچى زىندىق بولۇشى مۇمكىن. بەزى جاھىل يالغانچىلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرى ئۇلارغا مەلۇم، ئۇلار خالىمىسىمۇ مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: قەۋرىلەردە مال بوغۇزلايدۇ. ئۇلاردىن بۇنى نېمە ئۈچۈن قىلىسىلەر؟ بۇ دىنغا ئۇيغۇنمۇ؟ دەپ سورىسا ۋە بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرسە، بىز بۇنى ئاللاھ ئۈچۈن بوغۇزلايمىز، ساۋابى ۋەلىنىڭ بولىدۇ دېيىشىدۇ. بۇ سۆز بىلەن پەقەتلا ئىنسانلارغا ھىيلە ئىشلىتىپ، ھەقىقەتنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى ئاساسى مەقستى ۋەلىنى كۆزلەيدۇ. ئالىملار: ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان يەردە ئاللاھ ئۈچۈن مال بوغۇزلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى بۇ سابىت ئىبنى دەھھاكتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇچۇق تىلغا ئېلىنىدۇ. بىر كىشى مەلۇم بىر يەردە تۆگە ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلماقچى بولغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇكىشىدىن، ئۇ يەردە جاھىلىيەت دەۋرىدە چوقۇنۇلغان بۇد بارمىدى؟ دەپ سورىدى، ئۇكىشى ياق دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئۇنداق بولسا نەزىر قىلساڭ بولىدۇ. شۇنى بىلىشىڭ لازىمكى، ئاللاھقا ئاسى بولۇپ تۇرۇپ نەزىر قىلىشقا بولمايدۇ. قەسەم ھەققىدە ئىبنى ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن )دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر كىشى ئاللاھتىن باشقا بىر نەرسە بىلەن قەسەم قىلسا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.» باشقا بىر رىۋايەتتە، «كاپىر بولىدۇ» دەپ رىۋايەت قىلىنغان. ياردەم ھەققىدە ئاللاھ تا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە

سەندىنلا ياردەم سورايمىز.» رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ بىر ھەدىستە مۇنىداق دېيىلىدۇ: «بىر نەرسە تىلىسەڭ ئاللاھتىن تىلىگىن. ياردەم سورىساڭ ئاللاھتىنلا سورىغىن.» قورقۇش ھەققىدە ئاللاھ مۇنىداق دەيدۇ: «ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار.» (ئال ئىمران سۈرىسى 175 - ئايەت) تەۋەككۇل قىلىش ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭلار.» (مائىدە سۈرىسى 23 - ئايەت) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش ھەققىدە ئاللاھ مۇنىداق دەيدۇ: «پەقەتلا مەندىن قورقۇڭلار.» (نەھل سۈرىسى 51 - ئايەت) دۇئا ۋە تەلەپ ھەققىدە ئاللاھ مۇنىداق دەيدۇ: «ئاللاھنى قويۇپ، ساڭا پايدا - زىيان يەتكۈزۈلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزەڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن.» (يۇنۇس سۈرىسى 106 - ئايەت) مەلۇمكى بۇنىڭدا رەسۇللۇللاھقا خىتاپ قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد مەبۇدۇڭ ۋە ياراتقۇچىڭ بولغان ئاللاھتىن باشقا ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھېچقانداق پايدا ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان شەيئىلەرگە دۇئا قىلمىغىن.» بۇنىڭدا باتىل ئىلاھلار ۋە بۇتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلساڭ يەنى ئاللاھتىن باشقىسىغا دۇئا قىلساڭ زالىم ۋە مۇشرىك بولىسەن، دېمەكتۇر. رەسۇلۇللاھ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ۋە بۈيۈك گۇناھلارنى سادىر قىلىشتىن پاكتۇر. بۇ يەردە ئۇممەتلەرگە ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق خىتاپ قىلىنغان. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر پايدا - زىيان يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ.» (يۇنۇس سۈرىسى 107 - ئايەت)

«ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى، ئىنكار قىلىدۇ.» (ئەھقاپ سۈرىسى 5 - 6 - ئايەتلەر)

رەسۇلۇلاھتىن ۋە باشقا بىر كىشىدىن يا رەسۇلۇللاھ ۋە يا ئابدۇلقادىر ۋە يا دوسۇقى ۋە

يا روپائى ۋە يا بەدىۋى مىنى بۇ قىينچىلىقتىن قۇتقۇزغىن ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى سۆزلەپ رەسۇلۇللاھتىن ۋە باشقا بىر كىشىدىن ياردەم سورىغان كىشى ئاللاھنىڭ باشقىسىدىن ياردەم سورىغان بولىدۇ ۋە مۇشۇنداق ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا داخىل بولىدۇ. ئەقلى - ھوشى جايىدا بىر مۆمىننىڭ بۇ ئايەت كەرىمىلەرنى ئوقۇغاندىن ياكى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ باشقىسىدىن ياردەم سورىشى مۇمكىن ئەمەس! ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا، ئىجاۋەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارى قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟» (نەمل سۈرىسى 62 - ئايەت) ئاللاھنىڭ بۇ ئايەتتە بايان قىلغىنىدەك، ئەرەبلەردىن ياكى باشقا مىللەتلەردىن بولغان مۇشرىكلار قىلغان دۇئالىرىنى ئىجاۋەت قىلغۇچىنىڭ يالغۇز ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئاللاھنىڭ باشقىسىدىن شاپائەت تىلىشى ھەققىدە ئاللاھ: «ئاللاھ بىلەن باراۋەر باشقا بىرئىلاھ بار؟» دەپ ئىنكار قىلىش سۈئالىنى زىكىر قىلىدۇ. قىينچىلىقتا قالغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قىينچىلىقنى ھەل قىلغۇچى پەقەت ئۆزى ئىكەنلىكىنى، باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلىقىنى بايان قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ زامانىسىدا مۇسۇمانلارغا يامانلىق قىلىدىغان بىر مۇناپىق بار ئىدى. بەزىلەر بۇ مۇناپىقنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھتىن ياردەم سورايلى، بۇ مۇناپىقنىڭ يامانلىقىدىن بىزنى قۇتقازسۇن دېيىشكەندى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «مەندىن ياردەم سورالمايدۇ، پەقەتلا ئاللاھتىن سورىلىدۇ.»

## ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن رۇكۇ، سەجدە ۋە نەزىر قىلىش

ھەرقانداق بىر كىشى مەيلى ھايات بولغان مەيلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بىر كىشىگە رۇكۇ ياكى سەجدە قىلسا، ئەۋلىيا ياكى سالىھلەردىن بىرسىنىڭ قەۋرىسىگە دەرەخ، تاش تىكلىسە، ياكى قۇدۇق كولىسا ۋە ياكى نەزىر ۋە قۇربانلىق قىلسا، بىر پەيغەمبەر يا بىر ۋەلىنىڭ ياكى ھەزرىتى ھەسەن، ھۈسەيىن، ئەلى ئىبنى مۇسا كازىم، ئابدۇلقادىر جىيلانى، بەدەۋى، روپائى ۋە باشقا بىرسىنىڭ قەۋرىسىنى تاۋاپ قىلسا

ياكى ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ياردەم سورىسا، مەسىلەن: يا رەسۇلۇللاھ !مېنى قۇتقازغىن، ماڭا يۇرۇقلۇق ئاتا قىلغىن، يا ئابدىلقادىر جىيلانى ئەلمەدەت دېسە ... يا كېسەللىكتىن شىپا تېپىش، يىراقتىكى بىرسىنىڭ قايتىپ كېلىشى، پەرزەنت، رىزىق بېرىلىشى، قىيىنچىلىق، پەرىشسانلىقنىڭ يوق بولىشى ۋە شۇنىڭدەك ئاللاھتىن باشقا بىرسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، مەخلۇقاتلاردىن بىرسىنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغان شەيئىلەرنى ئۇلاردىن تىلىسە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. پۈتۈن بۇ ئەمەللەر بۈيۈك شېرىك بۆلۇپ، بۇلارنى قىلغان كىشى تەۋبە قىلمىسا ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.» (نىسا سۈرىسى 48 ـ ئايەت) ھايات بولغان بىر كىشىنىڭ يەنە ھايات بولغان باشقا بىر كىشىدىن مەخلۇقاتلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىشنى سورىسا، ياكى ياردەم تەلەپ قىلسا، بۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ.

شەيخۇلئىسلام مۇنداق دەيدۇ: شېرىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بۈيۈك شېرىك ۋە كىچىك شېرىك. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن خالي بولغان كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. بۈيۈك شېرىك ھالىتىدە ئۆلگەن كىشىگە جەھەننەم ۋاجىپ بولىدۇ. بۈيۈك شېرىكتىن يىراق بولۇپ، كىچىك شېرىكنىڭ بەزىلىرىگە يېقىن كېلىپ قالسا، بۇلارنى بېسىپ كېتەلەيدىغان ياخشى ئەملى بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلارنى بېسىپ كېتەلىگۈدەك ياخشى ئەملى بولمىسا ئوتقا كىرىدۇ. بەندىلەر بۈيۈك شېرىكتىن ھېساب ئېلىنغىنىدەك كۆپ بولۇپ قالسا، كىچىك شېرىكتىنمۇ ھېسابقا تارتىلىدۇ. بۈيۈك شېرىك سەجدە، نەزىر ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قىلىشتۇر. كىچىك شېرىك بولسا، رىياخورلۇق (ياخشى ئىشلارنى باشقىلار كۆرسۇن دەپ قىلىش)، ئاللاھ بىلەن ئوخشاش كۆرمىسىمۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن باشقىلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشتەك ئىشلاردۇر. شائىر ئەھمەت مۇھەررەم مۇنداق دەيدۇ: شېرىكنىڭ پىتنىسى بولۇپ باشقا پىتنىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش پىتنە يوقتۇر. قورقۇش ۋە ئىبادەت قىلىشتا ئاللاھتەك قۇۋۋەتلىك باشقا بىر ئىلاھ

يوقتۇر. ئۇ مۆلۈكلەرنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ شەنىگە ئىبادەت قىلىنىدۇ. شېرىكى بولۇشتىن ئۇ مۇنەززەھتۇر.

## پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشنى ئەمرى قىلىپ باتىل ئىلاھلارنىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلغان دەلىللەر

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھقا ئىبادەن قىلىشنى ئەمرى قىلغان ۋە تەشۋىق قىلغان ئايەتلەر بەك كۆپتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار.» (بەقەرە سۈرىسى 21 - ئايەت) «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەككەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.» (نىسا سۈرىسى 36 - ئايەت) «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى.» (ئىسرا سۈرىسى 23 - ئايەت) ئاللاھ، مۇشرىكلار ئىلاھلاشتۇرۇپ چوقۇنغان شەيئىلەرنىڭ بىرەر پايدا يەتكۈزۈشكە ۋە ياكى بىرەر زىياننى توسۇپ قېلىشقا كۈچىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى ھەتتا ئۆزىنى قوغداشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئى ئىنسانلار! بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، بۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنىۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!) چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى) يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇشپۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا )چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر.» (ھەج سۈرىسى 73 - ئايەت) ئاللاھ پايدا زىيان پەقەت ئۆزىنىڭلا قولىدا ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ قولىدا ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ

مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ.» (يۇنۇس سۈرىسى 107 - ئايەت) ئاللاھ خرىستىئانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ئىبادەت تۇپەيلىدىن ئۇلارنى سۆكۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىيسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن.» (مائىدە سۈرىسى 116 - 117 - ئايەتلەر) مەلۇمكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئىبادەت قىلغان خرىستىئانلانىڭ قىلغان ئىبادىتىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ مۇنداق دېگەندى: «مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم.» (مائىدە سۈرىسى 117 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئەلۋەتتە ئاللاھ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىمىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادىتىگە رازى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئەمما پەيغەمبەرلەردىن بولغان ئىيسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىبادەت قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە شېرىك بولىدىغانلىقىنى بۇ ئايەت بىلەن ئىنسانلارغا بايان قىلماقچى بولدى. ئۇنداق بولسا پەيغەمبەرلەردىن باشقىلارغا، ئەۋلىيالارغا، دەرەخلەرگە، غارلارغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش قانداقمۇ توغرا بولىدۇ؟ ئۇ ئازغۇنلار ئاللاھنىڭ

پەيغەمبىرىگە خىتاپ قىلىپ: «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ.» (يۇنۇس سۈرىسى 107 ـ ئايەت) دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە يەتكەن زەرەرنى يوق قىلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولسا باشقىلارغا يەتكەن مۇسىبەتنى قانداقمۇ يوق قىلالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ كۈچى يەتمىگەن بۇ ئىشقا سالىھ ۋەلىيلەرنىڭ قانداقمۇ كۈچى يېتىدۇ؟ ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلىمىدىمۇ؟ «شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ، مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن، پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇپرىغا بۇيرۇمدۇ؟!» (ئال ئىمران سۈرىسى 80 - ئايەت) ئەھبار ۋە روھبانلارنى ئاللاھتىن باشقا مەبۇد قىلىۋالغان يەھۇد ۋە خرىستىئانلار ھەققىدە ئاللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىمۇ؟ «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ، ھبىرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنى باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇت قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار(پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق)پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشقا) ھېچ مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر.» (تەۋبە سۈرىسى 31 ـ ئايەت) ئەدى ئىبنى ھاتەم رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: بىز ئۇنىڭغا چوقۇنمايمىز، ئۇلارنى ئىلاھ دەپ تونۇمايمىز، دېگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام، ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلغاندا ئۇلارغا بويسۇنمىغانمۇ؟ دەپ سورىدى. ئەدى شۇنداق، دەپ جاۋاپ بەردى. رەسۇلۇللاھ :«ئەنە بۇ شۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر» دېدى. ھەدىستە ئۇچۇق بايان قىلىنغانلىقىغا قارىغاندا، ئاللاھ ھالال قىلغاننى ھارام ۋە ھارام قىلغاننى ھالال قىلغان ئەھبار ۋە روھبانلارغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇش يولى بىلەن ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا (ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا) قارشى چىقىش ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر. شەيخۇلئىسلام مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق: ئاللاھنىڭ ھارام قىلغىنىنى ھالال قىلىپ ياكى ھالال قىلغىنىنى ھارام قىلىپ ئەھبار ۋە روھبانلارنى ئىلاھ تۇتقان

مۇقەددەسلەر ئىككى تۈرلۈكتۇر. بىرىنچىسى ئەھبار ۋە روھبانلارنىڭ ئاللانىڭ دىنى ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە زىت ھۆكۈملەرنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمدار ۋە ئەپەندىلىرىگە سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر. قىلغان ئىشلىرى كۇپۇرلۇقتۇر. بۇ كىشىلەر ئۇلارغا سەجدە قىلمىسىمۇ ۋە ئۇلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇمىسىمۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن بۇ قىلغان ئىشى مۇشرىكلىقتۇر. ئىككىنچىسى: ھالالنىڭ ھالال، ھارامنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىپ ۋە شۇنداق ئېتىقاد قىلىپ، ئەمما ئاللاھقا ئاسى بولۇپ تۇرۇپ، ئەپەندىلىرىگە بويسۇنىدۇ. بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھنىڭ گۇناھلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغانلىقىدەك، بۇلارنىڭ ھۆكمىمۇ شۇ گۇناھلارنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. قۇرئان ئايەتلىرى ۋە سەھىھ ھەدىسلىرىگە زىت بولسىمۇ «مەزھەپ ئىمامىمىزنىڭ پىكرى مۇنداق» دەپ تۇرىدىغان جاھىل مۇتەئەسسىپلەر خاتا يولدىدۇر. ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى مەزھەپلىرىگە توغرىلاپ تەۋىل قىلىشى «بەلكى سەھى ئەمەستۇر ياكى مەنسۇختۇر يا بىر نەرسىگە خاستۇر، بىز بىلمەيمىز» دېگەندەك خىيال ۋە شۈبھە قىلىشى ئۆزۈر ئەمەستۇر. ئۇلار بۇ ئايەت كەرىمىگە نېمە دەيدۇ؟ «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە(ھەقىقى)ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش)سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.» (نىسا سۈرىسى 59 - ئايەت) ئاللاھ تائاللاھ ئىماملىرىمىزغا رەھمەت قىلغاي. ئۇلار پەزىلەتلىك كىشىلەردۇر ۋە ئىلمنى توپلاشتا بۈيۈك خىزمەتلىرى باردۇر. ئۇلار ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشتىن توساتتى. ئەمما ئىلمى ئاجىز بولۇپ، ئۆز مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان سەۋىيەدىكى ۋە دەلىللەرنى چۈشىنەلمەيدىغانلارنىڭ ئىماملارنى تەقلىد قىلىشى جائىزدۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆزۈرلۈكتۇر. بىزنىڭ سۆزىمىز ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئازراق چۈشىنىدىغان بەك كۆپ ئىلمى بولمىسىمۇ ئۆز مەزھىپىگە زىت دەلىللەرنى بىلگەن ھالدا، مەزھىپىگە ئېسىلىپ تۇرۇۋالغانلار ھەققىدەدۇر. بۇلار

دەلىللەرنى قويۇپ تەقلىدنى ئۈستۈن كۆرۈشتە مەزۇر ئەمەستۇر.

## ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى بىلەن رۇبۇبىيەت تەۋھىدىنىڭ پەرقى

رۇبۇبىيەت تەۋھىدى بىلەن ئۇلۇھىيەت تەۋھىدىنى ئايرىم - ئايرىم بىلىش پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپتۇر. بۇ مەسىلە پەقەت جاھىللارلا ئەمەس، ئالىملارمۇ ئېنىق ئايرىيالمىغان مەسىلىدۇر. چۈنكى بۇ خاتالىقنى سادىر قىلغانلار «ئىلاھ»سۆزىنى «يوقتىن بار قىلىشقا قادىر، ياكى مالىك»دەپ تەپسىر قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنداق ئەمەس. ئىلاھ مەيلى ھەق بولسۇن مەيلى باتىل بولسۇن ھەرقانداق ئۆزىگە چوقۇنۇلغان شەيئىدۇر. ئىلاھ سۆزى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەق بولغان مەبۇدلار ئۈچۈن قوللىنىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ مۇشرىكلارغا: «لاالە لاالە»، دەپ نىجات تېپىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن ئەرەپلەرگە ھۆكۈمران بولىسىلەر، ئەجەملەر سىلەرگە ئەگىشىدۇ» دېگەندە، ئۇلار مۇنداق دېگەندى: «ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش» ئۇلارنىڭ(يەنى قۇرەيشنىڭ)كاتتىلىرى (سورۇنلىرىدىن) قوزغىلىپ چىقىپ ئېيتتى: «سىلەر مېڭىڭلار، مەبۇدلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇڭلار، بۇ ھەقىقەتەن (بىزدىن) ئىرادە قىلىنىدىغان بىر ئىش، (يەنى مۇھەممەد سىلەرنى دىنىڭلاردىن تاندۇرۇپ، سىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشنى ئىرادە قىلىدۇ.» بۇنى بىز باشقا بىر دىندىن (يەنى ناسارا دىنىدىكىلەردىن) ئاڭلىمىدۇق، بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر.» (ساد سۈرىسى 5 - 7 - ئايەتلەر) تۈرلۈك مەخلۇقاتلار «ئىلاھ» دېيىلگەن بولسىمۇ «ئاللاھ» دېگەن ئۇلۇغ لەۋزى پەقەتلا ھەر شەيئىنى ياراتقۇچى ۋە ئىبادەتكە لايىق بولغان يېگانە ئىلاھ بولغان «ئاللاھ» ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەرەپ مۇشرىكلىرى ئىلاھ سۆزىنىڭ مەنىسىنى بۈگۈنكى مۇشرىكلاردىن تېخىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئەڭ چوڭ بالايىئاپەت ۋەجاھىللىق بولسا «اشــهد ان لاالــه الاالله واشــهد أن محمــدا رســول الله» دېگەن بۇ شاھادەت كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى بىلمەسلىكتۇر.

### «لااله الا الله»نىڭ مەنىسى

ئەگەر بۇگۈنكى مۇشرىكلار «لاإلــﻪ إلا الله»نىڭ مەنىسىنى ئۇبدان بىلسە ئىدى، مەۋجۇداتلار ئاراسىدا ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق باشقا بىر شەيئىنىڭ يوقلىقىنى بىلگەن بولاتتى. «لااله» كەلىمىسى ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنغان پۈتۈن باتىل ئىلاھلارنى ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. «إلا الله» كەلىمىسى بولسا، ئاللاھنىڭ ئىبادەتكە لايىق يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش دېمەكتۇر. مۇشرىكلار بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ئەۋلىيالىرىنىڭ، ئەپەندىلىرىنىڭ، سالىھلىرىنىڭ قەۋرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ، نەزىر قىلىپ، بەرىكەت ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەۋرىسىنىڭ تويىسىنى ئېلىش، ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك دۇئا قىلدۇرۇش، ئۇلارغا ناماز ئوقۇش، قەۋرىلىرىنى تاۋاپ قىلىش، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا يالۋۇرۇشتەك قىلىپ كەلگەن ئادەتلىرىنىڭ ئۇلارنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ بۈيۈك شېرىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى. چۈنكى ئىلاھلىق پەقەتلا ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى ئاللاھتىن غەيرىگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن» ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچ بىر مەدەتكار (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ)دېدى.» (مائىدە سۈرىسى 72 ـ ئايەت)

«لا إلـﻪ إلا الله»دېگەن سۆز ئىسلامنىڭ ۋە جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر، تەقۋالىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

«لا اله إلا الله»نىڭ شەرتلىرى

1 ـ جاھالەتكە زىت ئىلىم: بىر كىشى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمىسە، بۇ كەلىمىنىڭ نېمىگە دالالەت قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنغان ھەر تۈرلۈك شەيئىدىن ئايرىلىپ، يىراق تۇرۇپ ئىخلاس بىلەن پەقەتلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتۇر.

2 ـ شەك شۈبھىگە ئورۇن بولمىغان ئىشەنچە: ئىنسانلار ئىچىدە بەزى كىشىلەر

بولۇپ، بۇنى سۆزلەيدۇ، مەنىسىنى بىلىدۇ، ئەمما بۇ دالالەت قىلغان شەيئىدىن شۈبھىلىنىدۇ.
3 ـ شېرىككە ئورۇن قويمىغان ئىخلاس: پۈتۈن ئەمەللەرنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمىلىدە ئىخلاس بولمايدۇ، ئىخلاس بولمىغان يەردە ئۇنىڭغا زىت بولغان شېرىك بولىدۇ. ئاللاھ تا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن)ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم.»
(زۇمەر سۈرىسى 11 - ئايەت)
4 ـ مۇناپىقلىققا يول قويمىغان دۇرۇستلۇق: مۇناپىقلار «لا الە الا اللـە» دەيدۇ. تىلىنىڭ ئۈچىدا دېگەن بۇ سۆز قەلبىدىكى ئېتىقادىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. سۆزلىگىنى مەخپى نۇتقىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن سۆزى يالغان بولىدۇ. ئاللاھ تا ئاللاھ ئۇلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ھۇدەيبىيەگەچىقماي) قېلىپ قالغان (مۇناپىق) ئەرابىلار ساڭا: «بىز ماللىرىمىز، بالا چاقىلىرىمىز بىلەن بولۇپ قېلىپ (سەن بىلەن چىقالمىدۇق)، بىز ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن» دەيدۇ، ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقىنى دىلىدىكى سۆزى ئەمەس (يەنى ئۇلار يالغان ئۆزرە ئېيتىدۇ).»
(پەتھى سۈرىسى 11 - ئايەت)
5 - ئىنكارغا ئورۇن قويمىغان قوبۇل: شۇنداق ئىنسانلار باركى، كەلىمە شاھادەتنىڭ مەنىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ. مۇتەكەببىرلىك، ھەسەتخورلۇقتىن ياكى باشقا بىر سەۋەبتىن باشقىلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ.
6 ـ ئىسيانغا يول قويمىغان ئىتائەت: ئاللاھ تەئالا پەرز قىلغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىش، ھارام قىلغان نەرسىلەردىن يېنىش بىلەن ئىتائەت ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى بەندىلەرنىڭ قەلب ۋە باشقا ئەزالىرى بىلەن ئاللاھقا تەسلىم بولۇشى، ئۇنىڭ يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىبادەتلەر بىلەن ئىتائەت بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.» (لوقمان سۈرىسى 22 - ئايەت)
7 ـ دۈشمەنلىككە ئورۇن قويمىغان مۇھەببەت: بۇ سۆزنى سۆزلىگەندە مۇھەببەت مەيدانغا كەلمىگەن بولسا، مەرىپەتمۇ، قوبۇلمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. چۈنكى شېرىككە

زىت بولغان ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ. ھەركىمنىڭ ئاللاھقا مۇھەببىتى بولسا، ئۇنىڭ دىنىغىمۇ مۇھەببىتى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دىنىغا مۇھەببىتى بولمىغاننىڭ ئاللاھقا مۇھەببىتى بولمايدۇ.

## ئىنساننى ئىسلام دىنىدىن چىقىرۋېتىدىغان شەيئىلەر

ئىنساننى ئىسلام دىنىدىن چىقىرۋېتىدىغان شەيئىلەر مۇنۇلاردۇر:

1 - ئىبادەتتە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.» (نىسا سۈرىسى 48 - ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، (يەنى ئاللاھتىن غەيرىگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچ بىر مەدەتكار (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى)بولمايدۇ.» (مائىدە سۈرىسى 72 - ئايەت) ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ئىسمى (جىنلار، قەۋرىلەر ۋە باشقا شەيئىلەر) بىلەن قۇربانلىق قىلىش مۇشرىكلىقتۇر.

2 ـ كىمكى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قويۇپ، ئۇلارغا دۇئا قىلسا، ئۇلاردىن شاپائەت تىلىسە ۋە ئۇلارغا تايانسا كاپىر بولىدۇ. بۇ ھەقتە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرى ئوخشاش.

3 ـ كىمكى مۇشرىكلارنى كاپىر دېمىسە، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىدىن شۈبھىلەنسە ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى توغرا كۆرسە كاپىر بولىدۇ.

4 - كىمكى باشقىلارنىڭ تۇتقان يولى رەسۇلۇللاھنىڭ يولىدىن مۇكەممەلدۇر ياكى تاغۇتلارنىڭ ھۆكمى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىدىن يۇقىرى دەپ بىلسە كاپىر بولىدۇ.

5 - رەسۇلۇللاھ كەلتۈرگەن ھۆكۈملەردىن قايسى بىرىنى يامان كۆرسە، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ كاپىر بولىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ رەسۇلۇللاھ كەلتۈرگەن

هۆكۈملەرگە مەمنۇنىيەت بىلەن ئەمەل قىلىشى لازىم.

6 - كىمكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن كەلتۈرگەن دىنىي بىلەن، ئۇنىڭ ساۋاپ ياكى گۇناھ دەپ بىلدۈرگەن شەيئىلەرنىڭ قايسى بىرىنى مەسخىرە قىلسا، دىندىن چىقىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) «ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ ئۇلار: «بىز (راستىن ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق» دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلار) «سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟» دېگىن.» سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن)كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن بىر گۇروھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنى بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى ئۈچۈن (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز.» (تەۋبە سۈرىسى 65 - 66 - ئايەتلەر)

7 - كىمكى سېھىر قىلسا، ياكى ئۇنىڭغا رازى بولسا كاپىر بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ. «بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى.» (بەقەرە سۈرىسى 102 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

8 - مۇشرىكلارغا يانتاياق بولۇش، مۇسۇمانلارغا قارشى ئۇلارنى قوللاش كۇپۇرلۇقتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ.» (مائىدە سۈرىسى 51 - ئايەت)

9 ــ ھەممەكىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بويىچە، ئەمەل قىلىشقا مۇكەللەپ ئەمەس ئىدى، خالىسا ئۇنىڭ شەرىئىتىنىڭ سىرتىدا ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىمۇ بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش - قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە دېسە ۋە بۇنىڭغا ئىشەنسە كاپىر بولىدۇ.

10 - ئاللاھنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈش، ئۇنى ئۆگەنمەسلىك ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلماسلىق كاپىرلىقتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئايەتلىرى بىلەن

ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز.» (سەجدە سۈرىسى 22 ـ ئايەت) يۇقىرىقى ماددىلاردا سۆزلەنگەن قائىدىلەرنىڭ چاقچاق بىلەن ھەقىقى ياكى قورقۇش ئارقىلىق قىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. پەقەتلا مەجبۇرى قىلغان كىشى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ. بۇ ماددىلار بۇيۇك ۋە ئەھمىيەتلىك بولىشى بىلەن كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋاللاردۇر. مۇسۇلمان بولغان ھەر بىر كىشى بۇلاردىن قەتئى ساقلىنىشى ۋە نەپسىنىڭ بۇنىڭ بىلەن بولغىنىپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلىشى لازىم. ئاللاھنىڭ غەزىۋىگە ۋە قاتتىق ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ئاللاھقا سېغىنىمىز...

## «محمدا رسول الله»نىڭ مەنىسى

ئەگەر بۈگۈنكى مۇشرىكلار «اشـهد أن محمـدا رسـول الله» نىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭ ئەمرىلىرىگە ئەگىشىش، بەرگەن خەۋەرلىرىگە ئىشىنىش، توسقان نەرسىلەردىن يېنىش، ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرئەتتىن باشقا بىر شەيئى ياكى ئۆز خاھىشى بىلەن ۋە بىدئەت بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلماسلىق لازىملىقىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى چۈشەنسە، ئۇ ۋاقىتدا بىر بۆلۈك نامازلارنىڭ، دۇئالارنىڭ، زىكىر ۋەزىپىلەرنىڭ ۋە بىر بۆلۈك جاھىل ئالىملارنىڭ، باتىل سۇپىلارنىڭ پەيدا قىلغىنى پەقەتلا بىدئەت ۋە ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى، بۇلار ھەققىدە ئاللاھ تەئالا بىرەر دەلىل نازىل قىلمىغانلىقى، مەسىلەن: بەزى دۆرۈتلارنىڭ، «ئاللاھ، ئاللاھ» ياكى «ھو، ھو»دەيدىغان ئويدۇرما زىكىر ھەلقىلىرى، رەغائىب نامىزى، ھىزبول بەھرى ۋە باشقا قەسىدىلەر، دۆرۈتلاردىكى بەزى بىدئەتلەر، رەسۇلۇللاھ ھەققىدىكى قەسىدىلەر سۈننەتتە يوق بىدئەت ئەمەللەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار.» (ھەشر سۈرىسى 7 ـ ئايەت) «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان

ھۆكىمىگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.» (نىسا سۈرىسى 65 - ئايەت) «پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازاپقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن.» (نۇر سۈرىسى 63 - ئايەت) ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزدە بولمىغان بىر ئىشنى قىلسا ئۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ». يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە مەندىن كېيىنكى توغرا يولدا بولغان خۇلەپائى راشىدىننىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى 4 خەلىپىنىڭ) سۈننىتىگە ئەگىشىڭلار، ئۇنى مەھكەم تۇتۇڭلار، يېڭى پەيدا بولغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى يېڭى پەيدا بولغان ھەرقانداق ئىش بىدئەتتۇر ۋەھەر قانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر.» (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

بەزى بىدئەتلەر توغرىسىدا

بىدئەتنىڭ لۇغەت مەنىسى، بۇرۇن ئوخشىشى بولمىغان بىر ئىشنىڭ كېيىن ئىجاد قىلىنىشى دېمەكتۇر. فىھقى، ھەدىس ئالىملىرى بىدئەتنى نەچچە خىل تەرىپ قىلىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ روشەن، ئەڭ توغرا بولغىنى: ئاللاھقا يېقىنلىق قىلىش مەقستى بىلەن رەسۇلۇللاھتىن كېيىن پەيدا قىلىنغان نەرسىلەردۇر. ئەمما بۈگۈنكى زامانىۋى قوراللار، ماشىنا، ئايرۇپىلان، تانكا... قاتارلىق نەرسىلەر بىدئەت ئەمەستۇر. بەزى ئالىملارنىڭ بىدئەتنى، «بىدئەتى ھەسەنە» ۋە «بىدئەتى سەيىئە» دەپ ئىككىگە ئايرىشىمۇ ئاساسسىز باتىل ئىشتۇر. قۇرئانغا خىلاپتۇر، ھەدىسقا خىلاپتۇر. قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.» (مائىدە سۈرىسى 3 - ئايەت) رەسۇلۇللاھ ئالەمدىن ئۆتكەندە دىن كامىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە قوشۇپ قويۇشقا ياكى بىر نەرسىنى ئېلىۋېتىشقا ھاجەت قالمىغان. ئۇندىن باشقا قانۇن چىقىرىش ھەققى پەقەتلا ئاللاھقا

مەنسۇپ. ئىنسانلارنىڭ شەرىئەتكە ئارىلىشىشىغا ياكى بىر نەرسە قوشۇپ قويىشىغا ھەقىقى ھوق. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كېيىن پەيدا بولغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى ھەربىر بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر». بەزى كىشىلەرنىڭ پەيدا قىلىۋالغان دۇرۇت، دۇئا ۋە زىكىرلىرى بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇق بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولمىغان ئىدى. مەسىلەن: ياھۇ، ياھۇ دېگەندەك سۆزلەر، ئۇندىن باشقا ھەلقە قۇرۇپ ئولتۇرۇپ مەنىسى نامەلۇم، ئۆزلىرى ئىجاد قىلىۋالغان دۇئالار بىلەن زىكىر ئېيتىش، رەغائىب نامىزى، ھىزبىۇل بەھرى، مۇناجات قەسىدىلىرىنى مىنبەرلىرىدە بامداتتىن بۇرۇن، جۈمە كۈنى، جۈمە كېچىلىرى ئوقۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنمىغان سۆزلەر بىلەن رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ئېيتىش، مەسىلەن: «**اللهم صل على محمد عدد ما في علم الله صلاة دائمة بدوام ملك الله**» ياكى «**اللهم صل على محمد كلما ذكرك الذاكرون و غفـل عـن ذكـرك الغـافلون**» دېيىش قاتارلىقلار بىدئەتتۇر. رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ئېيتىش يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ يولى بولۇپ، بۇنى «قۇرئان كەرىم» بىزگە ئەمرى قىلغان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىگە رەھمەت يوللايدۇ، (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبىرىگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)». (ئەھزاب سۈرىسى 56 - ئايەت) رەسۇلۇللاھقا ئېيتىدىغان دۇرۇتلارنىڭ لەپزى ھەدىس كىتابلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنى يېڭىدىن ئىجاد قىلىشقا ھاجەت يوق. رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ئېيتىش ئىبادەت بولۇپ، ئىبادەت بولسا «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەر بىلەن سابىتتۇر. رەسۇللاھقا ئېيتىدىغان دۇرۇتلارنىڭ لەبزى: رەسۇلۇللاھقا قانداق دۇرۇد ئېيتىش ھەقىقىدە ساھابىلار ئابدۇللاھ ئىبنى نابىئىسسائىغ ئىسىملىك ساھابىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلار ئى رەسۇلۇللار! ساڭا قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ «**اللهم صل على محمد وازواجه وذريته كما صليت على ال ابراهيم وبارك على محمد و ازواجه و ذريته كمـا باركت على ال ابراهيم انك حميد مجيد**» دەڭلار دېگەن.

ئەبى سەئىدە ئەل خۇدەرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سىزگە بىز قانداق سالام يوللاشنى بىلىۋالدۇق. ئەمدى دۇرۇدنى قانداق ئېيتىمىز دېگەندە، رەسۇلۇللاھ:«**اللهم صل على محمد عبدك و رسولك كما صليت على ابراهيم و بارك على محمد و على ال محمد كما باركت على ال ابراهيم**» دەڭلار دېگەن ئىدى.

قەۋرىچىلەرنىڭ شۈبھىلىرىگە جاۋاب

ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى بىلەن رۇبۇبىيەت تەۋھىدىنىڭ پەرقىنى ئايرىش مۇسۇمانلارغا ۋاجىپتۇر. خالىس تەۋھىد ئېتىقادىدا بولغان بىر كىشى: «سىلەر قىلغان بۇ ئىبادەتلەر، قەۋرىلەردىكى ھەرىكەتلەر باتىلدۇر ۋە مۇشرىكلىقتۇر» دېسە ئاچچىقى كېلىدۇ. «قانداقمۇ بىزنى مۇشرىك دەيسىلەر؟ ھالبۇكى بىز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە بىلىمىزكى ياراتقان، رىزىق بەرگەن، ھاياتلىق بەرگەن، ئۆلتۈرگەن، پايدا ۋە زىياننى ئۆز ئىلكىدە تۇتقان، ئاخىرىدا بىز ئۇنىڭغا قايتىپ بارىدىغان ئاللاھتۇر. بۇلارنى بىلىپ ۋە ئېتىراپ قىلساق قانداقمۇ بىزنى مۇشرىك دەيسىلەر؟ بىز پەيغەمبەرلەرنى ۋە ساھابىلارنى پەقەتلا ئاللاھ ئالدىدا، بىزگە شاپائەتچى بولۇش ئۈچۈن ۋاستە قىلىمىز، بىزلەر گۇناھ كىرلىرىگە پېتىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەشكە يۈزىمىز يوق. ھاجەتلىرىمىزنىڭ ھەل بولۇشى ياكى بىزگە كېلىدىغان پالاكەتنى توسۇپ قېلىشنى ئاللاھتىن بىۋاستە تىلىيەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇلارنى شاپائەتچى ۋە ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ۋاستەقىلىمىز. چۈنكى بىز بىلىمىزكى، بۇ زاتلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگىدۇر. بۇلار پادىشاھنىڭ يېنىدىكى ۋەزىرلىرىگە ئوخشايدۇ، چۈنكى ئوتتۇرا تەبىقىدىكى خەلقتىن بىرىگە بىر زۇلۇم ياكى بىر پەرىشانلىق يەتكەندە، ئۇنى شەخسەن ئۆزى پادىشاھقا يەتكۈزۈپ، دەردىنى ئاڭلىتالمايدۇ. ۋەزىرنىڭ ياكى پادىشاھنىڭ يېنىدىكى مەخسۇس بىرسىنىڭ شاپائىتى بىلەن دەردىنى پادىشاھقا يەتكۈزەلەيدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان بولسا، بۇمۇ

ئەينەن شۇنىڭغا ئوخشاش» دەيدۇ. بىز بۇ جاھىللارغا ئېيتىمىزكى، سىلەرنىڭ بۇ ئېتىقادىڭلار خۇددى مۇشرىكلارنىڭ ئېتىقادىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدا - زىيان يەتكۈزۈلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «بۇلار (يەنى بۇتلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ، ئەجەبا ئاسمانلاردا ۋە زېمىندە بۇنداق نەرسە (يەنى ئاللاھنىڭ شېرىكى ۋە شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بىلمەي قېلىپ، سىلەر ئۇنى ئاللاھقا ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر» (يۇنۇس سۈرىسى 18 - ئايەت)

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن ساپ دىن ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» دەيدۇ» (زۇمەر سۈرىسى 3 - ئايەت) مەلۇمكى مۇشرىكلارمۇ ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئەمما بۇ ئېتىقاد ئۇلارغا بىر پايدا يەتكۈزەلمىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، دەپ بۇتلارغا چوقۇناتتى، ئۇلادىن شاپائەت كۈتەتتى. ئۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئەمەسلىكىنى ۋە ئىشلىرىنى تەرتىپلەپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئەھۋال «قۇرئان» ئوقۇغان ۋە ئويلاپ باققان كىشىلەرگە غايەت روشەندۇر. مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بىلگەن ئەقلى ھۇشى جايىدا بىر كىشى ئۇلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن ياسىغان بۇتنىڭ ئۆزلىرىنى ياراتقانلىقىنى، رىزىق بەرگەنلىكىنى، ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بەرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلمايدۇ، بۇ بۇرۇنقى بۇتپەرەسلەردىمۇ ۋە بۈگۈنكى بۇتپەرەسلەردىمۇ كۆرۈلمىدى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ئۇچۇق بايان قىلغانلىقىغا قارىغاندا بەزى سالىھ كىشىلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش شەكلى بىلەن يېقىنلاشماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرىگە شاپائەتچى بولىدىغانلىقىنى گۇمان قىلىشقان. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا دۇئا ۋە ئىبادەت قىلىشقان.

## خالىقنى مەخلۇقاتقا ئوخشىتىش

ئۇ جاھىللار، ئادىللارنىڭ ئادىلى، رەھمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ بۈيۈكى بولغان ئاللاھنى ئىنسانلاردىن بولغان بىر پادىشاھقا، بەلكى زالىملاردىن بولغان ئەڭ بۈيۈك بىر زالىمغا ئوخشاتتى. ئاللاھنى مەخلۇقاتقا ئوخشىتىپ، بىر بۆلۈك كىشىلەرنى شاپائەتچى قىلىپ، ئۇنى ۋەسىلە قىلىشتى. ئاللاھنى مەخلۇقاتقا، ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنى بىر بەندىگە قىياس قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ھالبۇكى، خالىقنى مەخلۇقاتقا ئوخشىتىش مۇشرىكلىك ئىدى. بۇنى قىسقىچە مۇنداق ئىزاھلاش مۇمكىن: ئىنسانلاردىن بولغان پادىشاھ ئۆزىگە ۋەزىرنى ۋاستە قىلغان كىشىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. بەلكى زۇلۇم پادىشاھنىڭ يېقىنلىرىدىن، ھەتتا شەخسەن پادىشاھنىڭ ئۆزىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا قانداقمۇ خالىققا مەخلۇقاتنى ئوخشاتقىلى بولسۇن. ئاللاھ ئۇ بەندە ئۇچرىغان زۇلۇمنى، ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى بىلمەمدۇ؟ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ.» (غافىر سۈرىسى 19 - ئايەت)

ئاللاھ بىر كىشىگە زۇلۇم قىلامدۇ؟ ياكى ئاللاھنىڭ زۇلۇم قىلىدىغان تۇغقانلىرى بارمۇ؟ ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا ۋاستە بولىدىغان، شاپائەتچى بولىدىغان ئاللاھنىڭ ۋەزىرى ياكى ياردەمچىلىرى بارمۇ؟ بۇ نېمە دېگەن يامان، بۇزۇق قىياستۇر. ئۇلار نېمە دېگەن جاھىل كاپىرلاردۇر. ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى بەندىلەرگە يەتكۈزۈشتىن باشقا ئىشلاردا ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا ۋاستە بولمايدۇ. ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا ۋاستىگە ھاجەت يوقتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز.» (قاف سۈرىسى 16 - ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن) ماڭا دۇئا قىلسا، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن.» (بەقەرە سۈرىسى 186 - ئايەت) ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئىتىنى بەندىلەرگە يەتكۈزۈشتىكى ۋاستە، پەيغەمبەرلەردۇر. زىياننى توسۇپ قېلىش ياكى پايدا

بەتكۈزۈشتىكى ۋاستە مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسىدۇر. بەندە بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا قانداقمۇ ۋاستە بولىدۇ؟ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن) شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ.» (غافىر سۈرىسى 60 ـ ئايەت) ئاللاھ مېنىڭ ۋەلىلىرىمدىن ياكى پەيغەمبەرلىرىمدىن ياكى سالىھ بەندىلىرىمدىن ياردەم سوراڭلار دېمىدى. ئەكسىچە مۇنداق دىدى: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن ئىجابەت قىلىمەن.» يەنە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن) ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن).» (بەقەرە سۈرىسى 186 ـ ئايەت) ھەدىس شەرىپتا: «ئاللاھقا دۇئا قىلمىغان كىشىگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ» دېيىلگەن. يەنە باشقا بىر ھەدىستە: «ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار» دېيىلگەن. رەسۇلۇللاھ: پەيغەمبەرلەرگە دۇئا قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرگە ۋەسىلە بولسۇن ياكى پەيغەمبەرلەرنى، سالىھ كىشىلەرنى ۋەسىلە قىلىڭلار» دېمىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنى ۋەسىلە قىلىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ۋەسىلە قىلىشقانلىقى، ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ۋەسىلە قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك تابىئىنلارنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئالىملارنىڭمۇ بىر ـ بىرى بىلەن ۋەسىلە قىلىشقانلىقى شەرئەتتە مەلۇم ئەمەس. ۋەسىلە ئىككى خىل بولىدۇ: توغرا بولغان ۋەسىلە ۋە توغرا بولمىغان ۋەسىلە. توغرا بولغان ۋەسىلە يەنە ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: 1 ـــ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ يەبغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ۋەسىلە قىلىش. بۇنىڭ جائىزلىقى ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدىمۇ ۋە ۋاپات

بولغاندىن كېيىنمۇ ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بولمىدى. 2 ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ۋەسىلە قىلىش بولۇپ، بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ئاپىيەتلىكىنى تىلەش ئۈچۈن دۇئا تىلەيتتى. مەسىلەن: بىر ئەرابىنىڭ رەسۇلۇللاھتىن يامغۇر تىلەپ دۇئا قىلىشنى سورىغىنى ۋە بىر ئەما كىشىنىڭ كۆزىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىغا ئوخشاش. (كېيىنكى ھەدىسنىڭ سەھى ياكى سەھى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشمىغان قاراشلار بار.)

قارا تەنلىك بىر كېنىزەك رەسۇلۇللاھقا كېلىپ تۇتقاقلىق كېسىلىنىڭ شىپالىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «خالىساڭ دۇئا قىلاي، خالىساڭ سەۋرى قىلغىن» دېگەندە كېنىزەك سەۋرى قىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن. ئەمما كېسىلى تۇتۇپ قالغاندا، ئەۋرەت يەرلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى سورىغان.

بۇ خىل ۋەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى بىلەن تۈگىگەن. ئۇنداق ئىكەن مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسىگە كېلىپ ھاجىتىنى تىلىشى، گۇناھىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلىشى، ياكى بىر زىيانىنىڭ دەپئى بولۇشىنى تىلىشى جائىز بولمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: ئۆمەر(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ خەلىپىلىك زامانىدا يامغۇر ياغمىدى. ئۆمەر يامغۇر تىلەپ دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنۈپ مۇنداق دېدى: «بىز قۇرغاقچىلىقتا قالغاندا سېنىڭ رەسۇلۇڭنى ۋەسىلە قىلاتتۇق، سەن يامغۇر بېرەتتىڭ، ئەمدى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى بىلەن ۋەسىلە قىلىمىز دېگەندىن كېيىن، ئى ئاببىاس تۇر! بىزگە دۇئا قىلغىن! دېدى. ئەگەر رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ۋەسىلە قىلىش جائىز بولسا ئىدى، ساھابىلار ئۇنى قويۇپ ئاببىاس بىلەن ۋەسىلە قىلماس ئىدى. بۇ مۇتىئەسسىپلىق، ئىناتچىلىق، كورلۇق، پاسىقلىق، پاساتلىق يولىدۇر. بۇ ئەقلى ھۇشى جايىدا بىر كىشى كۆرەلەيدىغان ئۇچۇق يولدۇر. بۇ يەردە مەسىلىنى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئالىرىنى زىكىر قىلىمىز. مانا بۇ ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھ قىلىپ سالغاندىن كېيىنكى دۇئاسى: «ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز بىز ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت

قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز.»
(ئەئراف سۈرىسى 23 - ئايەت)
بەزى كىشىلەر خىيال قىلغاندەك بوۋىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلمىغان. ئۇلار ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دەيدۇ: «ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزگەندە پەرۋەردىگارىم! مۇھەممەد ھەققى ئۈچۈن ياللۇۇرىمەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن! دېدى. ئاللاھ تەئاللاھ: ئى ئادەم سەن مۇھەممەدنى قانداق تونۇدۇڭ؟ مەن تېخى ئۇنى ياراتمىدىم؟ ئادەم: پەرۋەردىگارىم! مېنى ئۆزەڭ ياراتقان ۋە روھىڭدىن پۈۋدىگەن چاغدا مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىمكى، ئەرشىنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە «لا اله الا الله محمد رسول الله» يېزىقلىق ئىكەن. شۇنىڭدىن بىلدىمكى سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن بىرلىكتە يېزىلغان ئىسىم مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدە سەن ئەڭ سۆيگەن بەندەڭنىڭ ئىسمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدىم دېگەندە، ئاللاھ مۇنداق دېگەن: توغرا ئېيتتىڭ ئى ئادەم، ئۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ بەندىلىرىم ئىچىدە مەن ئەڭ ياخشى كۆرگەن بىرسىدۇر. ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن ماڭا دۇئا قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن مەن سېنى ئەپۇقىلدىم. ئەگەر مۇھەممەد بولمىسا ئىدى سېنى ياراتمايتتىم.» (ھاكىم مۇستەدرەك دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلغان)
ئالىملار ھاكىمنى ھەدىسلەرنى رەتلەشتە مەسئۇلىيەتسىز دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئەقىدىسى بۇزۇق دەيدۇ. زەھەبى مۇستەدرەك دېگەن كىتابقا يازغان ھاشىيەدە بۇ ھەدىس مەۋزۇ(ئويدۇرما) دەيدۇ. ئۇندىن باشقا ئىبنى جەھەر، ئىبنى كەسىر، ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق مەشھۇر ھەدىس ئالىملىرىمۇ بۇ ھەدىسنى ئويدۇرما(مەۋزۇ) ھەدىس دەيدۇ.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئالىرى

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىغان بولساڭلار، ئەمدى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاڭلار: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئاتا - ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن.

زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن.» (نۇھ سۈرىسى 28 - ئايەت)
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: «پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە(قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن.» (ئىبراھىم سۈرىسى 41 - ئايەت)
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسى ئاتىسىنىڭ ئاللاھ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈلمىگەندىن بۇرۇن ئىدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىدامىلىق ئىدى.» (تەۋبە سۈرىسى 114 - ئايەت)
ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەييۇبنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: ھەقىقەتەن مېنى بالا(يەنى قاتتىق كېسەل)ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىك سەن دەپ دۇئا قىلدى.» (ئەنبىيا سۈرىسى 83 - ئايەت)
يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىق قارنىدىكى ۋاقتىدىكى ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «يۇنۇسنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ(قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ، (شەھىرىدىن)چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ (بېلىقنىڭ قارنىدا) ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا): «(پەرۋەردىگارىم!) سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق)يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن)پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن(ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى.» ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن)خالاس تاپقۇزىمىز.» (ئەنبىيا سۈرىسى 87 - 88 - ئايەتلەر)
زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «زەكەرىيانىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز

قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقى قالىسەن) دەپ نىدا قىلدى. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا خوتۇننى ئۆزگەرتىپ بەردۇق (يەنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق.)» (ئەنبىيا سۈرىسى 89 - 90 - ئايەتلەر.)

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: «پەرۋەردىگارىم !ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن، دېدى.» (يۇسۇپ سۈرىسى 101 - ئايەت.)

رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئالىرى بەك كۆپ بولۇپ، بۇلار ھەدىس كىتابلىرىدا ۋە مەخسۇس دۇئا كىتابلىرىدا مەۋجۇتتۇر. ئۇلاردىن بەزىلەر مۇنۇلار: «**اللهم اني أسألك العافية في ديني و دنياي و أهلي و مـالي و بـدني**» مەنىسى: ئى ئاللاھ!دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىمنىڭ، ئائىلەمنىڭ، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمنىڭ ۋە تېنىمنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن.

ئۇ دۇئالارنىڭ بىرى سەييىدۇلئىستىغپار دېگەن مەشھۇر دۇئادۇر. ئۇ مۇنداق: «**اللـهم اتا ندعوك كما امرتنا فاستجب لنا كما وعدتنا اللهم اقسم لنا من خشيتك ما تحول به بيننا و بين معاصيك و من طاعتك ما تبلغنا به جنتك و من اليقين ما تهون به علينا مصائب الدنيا اللهم متعنـا بأسماعنا و أبصارنا و قوتنا ما أحييتنا و اجعله الوارث منا ...**»

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «**اللهم أنت ربي لا اله الا أنت خلقتني و أنا عبدك و أنا على عهدك و وعدك ماستطعت أعوذ بك من شر ما صنعت ابوء لك بنعمتك علـي و ابـوء بذنبي فاغفرلي فانه لايغفر الذنوب الا أنت**».

قۇرئان ۋە ھەدىستە پەيغەمبەرلەرنى ۋە ياكى باشقا سالىھ كىشىلەرنى ۋەسىلە قىلىشنىڭ جائىز بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر ھەرپمۇ يوق. رەسۇلۇللاھتىن ۋە باشقىلاردىن ياردەم تىلەش توغرىسىدا تېخىمۇ يوق. ئاللاھتىن باشقىسىدىن ياردەم تىلەش شەكسىز مۇشرىكلىق بولۇپ، ۋەسىلە بولسا، بىدئەتتۇر، كۆپۈرلۈق ئەمەستۇر. ھەدىستە زىكىر قىلىنغىنىدەك، ۋەسىلە ياخشى ئەمەللەرنى ۋەسىلە قىلىش بىلەنمۇ بولىدۇ.

ھەدىستە، غارغا سولۇنۇپ قالغان ئۈچ كىشىدىن بىرسىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق

قىلغانلىقى بىلەن، يەنە بىرسىنىڭ زىناغا تەييار بولغان يەردە ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى، ئۈچىنچى بىرسىنىڭ بولسا، ئىشچىنىڭ ئىش ھەققى پۇلىنى كۆپەيتىپ قويغانلىقىنى ۋەسىلە قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ۋەقە مۇنداق بولغان: بىرسى بىر ئىشچىنى بىر كۈن ئىشقا سالغان، ئۇ ئىشچى بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالغان، ئىش ئىگىسى بولسا، ئىش ھەققى پۇلىنى ئۆزىنىڭ تىجارىتىگە قوشۇپ قويغان، ئۇزۇن زامان ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشچى بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىنى سوراپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەرگەن... ئۇلار مۇتلەق ۋەسىلىنىڭ جائىزلىقىغا تۆۋەندىكى ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ_(نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار. ئاللاھقا (تائەت - ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش، بىلەن )يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار، ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىڭلار.» (مائىدە سۈرىسى 35 - ئايەت)

بۇنىڭ جاۋابى بولسا مۇنداق: بۇ يەردە ۋەسىلىنىڭ مەنىسى، ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ياكى ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشتۇر. يۇقىرىدا بۇنداق ئىشلار بىلەن ۋەسىلە قىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندۇق. بىدئەتچىلەرنىڭ دېگىنىدەك، پەيغەمبەرلەرنى ۋە سالىھلارنى شاپائەتچى قىلىش ۋە ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئۇلارنى ۋاستە قىلىش ئەمەس. ئۇلار پەيغەمبەرنى ۋە سالىھلارنى ۋەسىلە قىلىشنى ئاللاھنىڭ ئەمرى دەپ قارايدۇ ۋە ئايەتنى مۇشۇ بويىچە تەپسىر قىلىشىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتى ھەقتۇر. ئۇنىڭغا ئاساسەن بىزمۇ رەسۇلۇللاھتىن شاپائەت تىلەيمىز، چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىشنى ئېھسان قىلدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىنىڭ ئىسپاتى

شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتى نەچچە تۈرلۈكتۇر. ئەڭ بۈيۈكى، قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنى ھەشىر كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن قۇتقۇزىدىغان بۈيۈك شاپائەتتۇر. بۇ شاپائەت رەسۇلۇللاھقا خاستۇر. ئۇنىڭدىن باشقا شاپائەتلىرىمۇ بولۇپ، مۆمىنلەردىن دوزاققا كىرگەنلەردىن بەزىسىنى ئۇ يەردىن ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن

چىقىرىدۇ ۋە بەزى مۆمىنلەرنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بىزنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ شاپائىتىگە بولغان ئېتىقادىمىز، بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭ شاپائىتىگە ئاساسلىنىپ، دۇنيادا رەسۇلۇللاھتىن شاپائەت تىلەشكە، گۇناھىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى تىلەشكە يول قويمايدىغانلىقىمىزدۇر. بىر كىشىنىڭ: «ئى مۇھەممەد! ماڭا شاپەئەت ئەيلە، گۇناھىمنى ئەپۇ قىلغىن، ماڭا ياردەم قىلغىن، زالىمنىڭ زۇلمىدىن سەندىن پاناھ تىلەيمەن» ياكى «مۇھەممەد سەندىن شاپائەت تىلەيمەن »دېيىشى جائىز ئەمەستۇر. ئەمما «ئى ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىنى ماڭا نىسىپ ئەيلە. ئى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماڭا شاپائەتچى قىلغىن. ياكى ئى ئاللاھ! مېنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قىلما» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلسا، جائىز بولىدۇ. رەسۇلۇللاھقا خىتاپ قىلىپ: «ماڭا شاپائەت قىلغىن! ماڭا ياردەم قىلغىن! ساڭا سېغىنىمەن!» دېيىش جائىز بولمىغان ھالدا، باشقا ئەۋلىيالارغا، سالىھلارغا ئىلتىجا قىلىش ۋە يالۋۇرۇش قەتئىي جائىز بولمايدۇ. بەزى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدە: «ئى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇلۇغى، پۈتۈنلەي ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەھشەتلىك ھادىسىدە (قىيامەتتە)مېنىڭ سەندىن باشقا سېغىنىدىغان يېرىم يوقتۇر» دەپ ئېيتقىنىغا ئالدانماڭ. بۇنى دېگەن كىشى مۇشۇ سۆزى بىلەن ئۆلدىمۇ؟ ياكى ئۆلۈشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلدىمۇ؟ بۇنى بىز بىلمەيمىز. ئۇ «مېنىڭ سەندىن باشقا سېغىنىدىغان يېرىم يوق» دەيدۇ. بىز ئېيتىمىزكى، ئاللاھقا سېغىنغىن! ئۇنىڭدىن باشقىسىغا سېغىنما! كىمكى ئاللاھقا سېغىنسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ.

## بىدئەتچىلەرنىڭ ۋەسىلىنىڭ جائىزلىقىغا دائىر دەلىللىرى

ئۇلارنىڭ دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن نەرسىلىرى مۇنۇلاردۇر.

1 - يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلغانلىقى.

2 - «ئى ئاللاھ! ساڭا دۇئا قىلغانلارنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەققى ۋە مېنىڭ مۇشۇ يولۇمنىڭ ھەققى بىلەن سەندىن پاناھ تىلەيمەن»دېگەن ھەدىس.

3 ـ ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: ئەلىنىڭ ئانىسى، ھاشىم ئوغلى ئەسەدنىڭ قىزى پاتىمە ۋاپات بولغان ۋاقتىدا (بۇ ئايال رەسۇلۇللاھنى باققاندى)، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بېشىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلغاي، ئى ئانامدىن كېيىنكى ئانام! ۋە دەپنە قىلار ۋاقتىدامۇنداق دېدى: ئى ئاللاھ! ئەسەدنىڭ قىزى ئانام پاتىمەنى مەغپىرەت قىلغىن. پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭ جايىنى كەڭرى قىلىپ بەرگىن. سەن ھەممىدىن بەك رەھمەت قىلغۇچىسەن.

4 - ئۇلارنىڭ يەنە بىر دەلىلى بۇ ئايەتتۇر، «ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى.» (قەسەس سۈرىسى 15 - ئايەت)

5 ـــ يەنە بىر ئايەت: «ئۇلار(يەنى مۇناپىقلار)(سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماي)ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا، ساڭا كېلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، پەيغەمبەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئاللاھنى كەچۈرۈم قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى.» (نىسا سۈرىسى 64 - ئايەت)

6 - رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ۋەسىلە جائىز ئىدى، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ۋەسىلە قىلىش جائىزدۇر، چۈنكى ئۇ قەۋرىدىمۇ ھاياتتۇر، باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنداق، چۈنكى پەيغەمبەرلەر مەرتىۋە جەھەتتەشېھىدلاردىن ئۈستۈندۇر. ئاللاھ شېھىدلا ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.» (ئال ئىمران سۈرىسى 169 - ئايەت)

7 - ئۇلار مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيىن ئەھۋالدا قالغان ۋاقتىدا قەۋرى ئەھلىگە بېرىڭلار.» 8 ـ يەنە بىر ھەدىس: «مېنىڭ مەرتىۋەم بىلەن ۋەسىلە قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مېنىڭ مەرتىۋەم ئۈستۈندۇر.» بۇلار ۋە بۇنىڭغا ئوخشاشلار چاكىنىلىق بولۇپ، دەلىل بولۇشقا يارىمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلارنىڭ شۈبھىلىرىگە جاۋاپ بېرىپ ئېيتىمىزكى: 1 ـ ۋەسىلە كۆپۈرلۈق ئەمەس، بىدئەتتۇر. كۆپۈرلۈق رەسۇلۇللاھتىن ۋە باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشتۇر. 2 ـ ئۆلۈكلەرنى ۋەسىلە قىلىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇنى ئىسپاتلايدىغان سەھى ـ توغرا بىرمۇ ھەدىس يوق. بۇ ھەقتىكى پۈتۈن ھەدىسلەر بولسا زەئىپ(ئاجىز) ياكى مەۋزۇ(توقۇلما) ھەدىسلەردۇر.

1 ـ ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ جاۋابى يېزىلدى.

2 ـ «ئى ئاللاھ ساڭا دۇئا قىلغانلارنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەققى ۋە مېنىڭ مۇشۇ يولۇمنىڭ ھەققى بىلەن سەندىن پاناھ تىلەيمەن» بۇ ھەدىس بولسا دەلىللىققا يارىمايدىغان ئاجىز ھەدىستۇر. ئەگەر ھەدىس سەھى بولغان تەقدىردىمۇ، تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ھەققىنىڭ مەخلۇقات ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلالمايمىز. چۈنكى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ھەققىدىن مەقسەت ئاللاھتۇر. ئاللاھتىن تەلەپ قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ تەلەپ قىلغاننى بېرىشىدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ تەلەپ قىلغۇچىلارغا بەرگەن سۆيەتلىرىدىندۇر. «مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى.» (رۇم سۈرىسى 47 ـ ئايەت)

3 ـ پاتىمە ئەسەت توغرىسىدىكى ھەدىسقا بېرىدىغان جاۋابىمىز بولسا، ئۇمۇ ئاجىز (زەئىپ) ھەدىستۇر. ئەگەر بۇ ھەدىس توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەققى، «يۇقىرىدىكى ئى ئاللاھ! ساڭا دۇئا قىلغانلارنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەققى بىلەن سەندىن پاناھ تىلەيمەن»دېگەن ھەدىستە سۆزلىگىنىدەك مەخلۇقات ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ سۆيەتلىرىدىن بىر سۆيەتتۇر. ئۇ بولسا پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم قىلىشى ۋە ئۇلارنى رازى قىلىشى، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىدىن ئۈستۈن قىلىشىدۇر.

4 ــ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىكى «ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى.» (قەسەس سۈرىسى 15 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت بىلەن دەلىل كەلتۈرۈشى نېمە دېگەن قەبىھ! ئۇ يەردە تىرىك بىر كىشى

يەنە باشقا تىرىك بولغان بىر كىشىدىن قىلىپ بېرەلەيدىغان بىر ئىش ھەققىدە ياردەم تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ دۇرۇست ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىرىنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىشى ياكى مۇسانىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى ۋە جىم تۇرۇشى دەلىل ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىتدا تېخى مۇساغا ۋەھيى كەلمىگەندى. پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن بىر نەرسىگە جاۋاپسىز تۇرۇشى، ئۇ نەرسىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ. بۇ بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە بولۇپ باققان ۋەقە ئەمەستۇر.

5 - «ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا...» (نىسا سۈرىسى 64 - ئايەت) دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ جاۋابى بولسا:

1 - ئاللاھ ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ۋاقىتدا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى ۋە ئاللاھقا تەۋبە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغاندى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى قىلماسلىقى تۆپەيلىدىن ئەيىبلىغاندى. ئۇلارنىڭ تەۋبەلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىشنى بۇنىڭغا باغلاپ مۇنداق قىلىشنى شەرت قىلمىغان ياكى ئەمرى قىلمىغان.

2 - ئايەت رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىشقا باغلانغان. رەسۇللۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا بولمايدۇ. پەقەتلا قەۋرىسىگە بېرىشقا بولىدۇ. قەۋرىگە بارغان كىشى قەۋرە ئىگىسىگە باردى دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر دېيىلگەن تەقدىردە جائىزلىق ۋە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش مەنىسىدە بولىدۇ.

3 - بۇمۇ مۇئەييەن بىر ۋەقە بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسىدە ياكى لەۋزىدە ئومۇملۇق يوقتۇر. بۇ ۋەقە رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقىتدا بولغان ۋەقەدۇر. بۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى ۋە ۋاپاتىنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمي مەنىنى نەدىن چىقىرىشتى؟ ئەگەر بۇئايەت رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى ۋە ۋاپاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ئومۇملۇقنى ئىپادەلەيدىغان بولسا، پەقەت ھايات ۋاقتىغا خاس قىلىنغان بولىدۇ. خاس قىلغۇچى دەلىل شەرىئەتنىڭ خەۋرىدۇر. ئۆلۈكلەر ئاڭلىمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرەلمەيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ(ھەق دەۋەتنى)خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەۋرىدىكىلەرگە ئاڭلىتالمايسەن.» (فاتىر سۈرىسى 22 - ئايەت) سەھى مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىرھەدىستە:

«ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن سەدىقە جارىيە، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنت ياكى پايدىلىق ئىلىم قاتارلىق ئۈچ نەرسىدىن باشقىسىدا ئەملى توگەيدۇ» دېيىلىدۇ. ساھابىلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر بۇ ئايەتنىڭ ئۆلۈكلەرنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق چۈشەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تىلىمىدى. مۇشۇ خەۋەر بىزگە يېتىپ كەلگەنگە قارىغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ بۇنداق قىلغانلار بولسا ئىدى، بۇمۇ بىزگە يېتىپ كېلەتتى. قەۋرىچى ۋە بىدئەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى: «قۇلەيىب»ھەدىسىنى ئۆلۈكلەرنىڭ ئاڭلايدىغانلىقىغا دەلىل قىلىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ بەدرى كۈنىدە قۇدۇققا تاشلانغان مۇشرىكلارنىڭ جەسەتلىرىگە قاراپ سۆزلىگەندە، ئۆمەر(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇلار ئاڭلامدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ !دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: سىلەر مېنىڭ ئۇلارغا سۆزلىگىنىمنى ئۇلاردىن ياخشى ئاڭلىيالمايسىلەر» دەپ جاۋاپ بەرگەن. يەنە بىر ھەدىسنىمۇ دەلىل قىلىدۇ: «ئىككى پەرىشتە ئۆلگەن كىشىدىن سوراق سورىغىلى كەلگەندە، ئۇ ئۇنى دەپنە قىلغانلارنىڭ ئاياق ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ». ئۇلار ئۆلۈكلەرنىڭ ئاڭلايدىغانلىقىغا دائىر دەلىللىرىگە بۇ ئىككى ھەدىسنى دەلىل قىلىپ، «ئۆلۈكلەر ئاڭلايدۇ، ئۇلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلساق ئۇنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنە بۇ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ، تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلەرنىڭ قەۋرىسى ئۈستىدە قۇرئان ئوقۇشى مەندۇبدۇر دەيدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بېرىمىز: قۇلەيىب ھەدىسى رەسۇلۇللاھنىڭ بىر مۆجىزىسىدۇر. مۆجىزىنى باشقا نەرسە بىلەن قىياس قىلىشقا بولمايدۇ. قانداقمۇ قىياس قىلىشقا بولسۇن؟ ئاللاھ تا ئاللاھ ئېيتىدۇ: «تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر باراۋەر بولمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ(ھەق دەۋىتىنى)خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىدىكىلەرگە ئاڭلىتالمايسەن.» (فاتىر سۈرىسى 22 ـ ئايەت) ئىككىنچى ھەدىس بولسا، ئىككى پەرىشتە كەلگەن ۋاقىتىدا، ئۆلۈكنىڭ دەپنە قىلغانلارنىڭ ئاياق ئاۋازىنى ئاڭلىشى شۇ ۋاقىتقا مەخسۇس بولۇپ، مەڭگۈلۈكنى بىلدۈرمەيدۇ.

6 ـ ۋەسىلە قىلىش ۋە ياردەم سوراشنىڭ دۇرۇستلىقىدا ئۆلۈكلەر بىلەن تىرىكلەر ئارىسىدا پەرق يوق. ئۇلارنىڭ بىرىدىن (تىرىكلىرىدىن ياردەم سوراشقا ۋە ۋەسىلە

قىلىشقا) بولىدىكەن، يەنە بىرىدىنىمۇ (ئۆلۈكلىرىدىنىمۇ ياردەم سوراشقا، ۋەسىلە قىلىشقا) بولىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋرىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ هايات ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى ئۇلار شېھىدلاردىنمۇ يۇقىرى دەرىجىدە. ئۇنداق ئىكەن، ئۇلاردىن شېھىدلاردىن ۋە ئەۋلىيالاردىن ياردەم سوراشقا، ۋەسىلە قىلىشقا بولىدۇ، دەيدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالار بىلەن ۋەسىلە قىلىشقا بولىدۇ ۋە ئۇلاردىن ياردەم سوراشقا بولىدۇ، دېگەن سۆزلەر قۇرئان كېرىمگە ئۇچۇق خىلاپتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر باراۋەر بولمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەۋرىدىكىلەرگە ئاڭلىتالمايسەن.» (فاتىر سۈرىسى 22 - ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، سەن ئۆلۈكلەرگە (سۆزۈڭنى) ئاڭلىتالمايسەن، ئارقىسىغا قاراپ يۈز ئۆرىگەن گاسلارغىمۇ چاقىرىقىڭنى ئاڭلىتالمايسەن.» (رۇم سۈرىسى 52 - ئايەت) بۇ قەۋرىچىلەرنىڭ ۋە خەلقنى ئازدۇرغان دەججاللارنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئۆلۈك بىلەن تىرىكنى ئايرىيالمايدىغان هالدا كور قىلغان ئاللاھ هەر تۈرلۈك نوقسانلاردىن پاكتۇر. بەلكى ئۇلارنى روهلارنىڭ بەدەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تۇلۇق تەسەررۇپ ئىگىسى بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى نىمە دېگەن جاهىل، نېمە دېگەن ئىمانسىز. ئەگەر ئۇلار، ئۇلارنىڭ گۇمانىچە تىرىك بولسا ئىدى، ئۇلارنى دەپنە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى مىراس قىلىپ بۆلۈشۈش، خوتۇنلىرىنى باشقىلىرىنىڭ نىكاهىغا ئېلىشى جائىز بولماس ئىدى. تەبىئىكى بۇنىڭدىن رەسۇلۇللاهنىڭ پاك ئاياللىرى مۇستەسنادۇر.

بەزى چاغدا ئۆلۈكلەرنىڭ هاقارەت قىلىنغانلىقىنى ھەتتا جەسەتلىرىنىڭ يەرلەردە يەنچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ هېچ قانداق بىر هەرىكەت بىلەن ياكى بىرەر ئېغىز سۆز بىلەن ئۆزلىرىنى قوغداپ قالغانلىقىنى كۆرمىدۇق.

ئەجبا ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان بۇ ئىشقا رازىمۇ؟ ئىنسانلار ئىچىدە بۇنداق بۇزۇق ۋە پاسىد سۆزنى ئاڭلاپ باقمىدۇق.

7 - ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلەرنىڭ روهلىرى بەدەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ تىرىكتۇر ۋە تەسەررۇپ قىلىش كۈچىگە ئىگىدۇردېگەن سۆزلىرى باتىلدۇر. ئۇلار نېمىنى

تەسەررۇپ قىلىش كۈچىگە ئىگە؟ ئۇلارغا دۇئا قىلغان ۋە ئۇلاردىن ياردەم سورىغانلارغا جاۋاپ بېرىش قۇدرىتىگە ئىگىمۇ؟

ئەگەر ئۇلار تىرىك بولغىنى ئۈچۈن ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش دۇرۇست بولىدىغان بولسا، تىرىك ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ بولمىغان پەرىشتىلەردىن، ھۆرلەردىن، غىلمانلاردىن، كاپىرلارنىڭ روھلىرىدىن، جىنلاردىن ياردەم سوراش جائىز بولۇشى لازىم كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ تىرىكتۇر، جانلىقتۇر. سۇبھانەللاھ، بۇ، بۈيۈك بۆھتاندۇر.

بۇنداق گەپنى ئەقلىدىن ئازغان ۋە روھى كىرلىنىپ كەتكەنلەردىن باشقىلار دېمەيدۇ.

ئى ئاللاھ! سەن ئۇلارنى توغرا يولغا باشلا ۋە شۇ يولدا مېڭىشقا نىسىپ ئەيلە!

8 - «قىيىن ئەھۋالدا قالغان ۋاقىتىڭلاردا قەۋرە ئەھلىگە بېرىڭلار» دېگەن ھەدىس، ھەدىس ئەمەستۇر. دىنىنى بۇزماقچى بولغان زىندىقلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئويدۇرما ھەدىستۇر.

9 - «مېنىڭ مەرتىۋەم بىلەن ۋەسىلەقىلىڭلار» دېگەن ھەدىسمۇ يالغانلىقى ھەققىدە ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمىغان ئۇچۇق توقۇلما ھەدىستۇر. پۈتۈن مۇسۇلمانلار شەكسىز بىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ مەرتىۋىسى ھەقىقەتەن بەك ئۈستۈندۇر. ماقامى مەھمۇد ئىگىسىدۇر. مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئۈلۈغى، پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ تۈگەنچىسىدۇر. ئەمما بۇلار ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشقا دەلىل بولالمايدۇ. پەيغەمبەرلەر قەۋرىلەردە ھايات بولىدىغان بولسا، بۇ ھايات بەرزەخ ھاياتىدۇر. بەرزەخ ھاياتىنىڭ ماھىيىتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەرزەخ ھاياتىنى دۇنيا ھاياتىغا قىياس قىلىشقا بولمايدۇ. بەرزەخ ھاياتىغا دۇنيا ھاياتى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ھاجەتلىرىمىزنى ھەل قىلىش ياكى گۇناھلىرىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىشىمىز جائىزدۇر. ئەمما قەۋرە ھاياتىنى دۇنيا ھاياتىغا ئوخشىتىپ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىش جائىز ئەمەستۇر.

قۇرئان كەرىم ئۇچۇق ئېلان قىلىدۇكى، تەسەررۇپ پەقەتلا ئاللاھقا خاستۇر. زىياننى توسۇپ قېلىش، پايدا يەتكۈزۈش قۇدرىتى ئاللاھقىلا خاستۇر. ئۇلار بۇ قۇرئان

ئايەتلىرىنى ئاڭلىمامدۇ؟ ئاللاھنىڭ بۇ تەسەررۇپ قۇدرىتىنى باشقىلارغا بەرمىگەنلىكىنى كۆرمەمدۇ؟

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دەپئى قىلشقا، يا ئاللاھ ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇۋېلىشقا، ئاللاھتىن باشقا سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلار قادىر بولالامدۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئېيتقىنكى، «ماڭا ئاللاھ كۇپايىدۇر، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسۇن» (زۇمەر سۈرىسى 38 - ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە پايدا زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايمەن (بۇنىڭغا پەقەت ئاللاھ قادىر بولالايدۇ)». ئېيتقىنكى «(ئەگەر مەن ئاللاھقا ئاسىي بولسام) مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ كىشى قۇتقۇزالمايدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن (شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن سىلەرنىڭ تەلىۋىڭلارنى قانداق قوبۇل قىلالايمەن)».» (جىن سۈرىسى 21 - 22 - ئايەتلەر)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ خالىمىغان ئىكەن، ئۆزەمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزەمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، (قىيامەتنىڭ قاچان بولىشىنى قانداقمۇ بىلەي!) ئەگەر مەن غەيىپنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان - زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم(لېكىن مەن غەيىپنى بىلمەيمەن، شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى - يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ). مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خوش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.» (ئەئراف سۈرىسى 188 - ئايەت)

ئاللاھ بۇندىن باشقا رەسۇلۇللاھقا خىتاپ قىلىنغان نۇرغۇن ئايەتلەردە، پايدا يەتكۈزۈش ۋە زىياننى دەپئى قىلىش قۇدرىتىگە ئۆزىلا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندى. ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلارنىڭ ھېچبىرى بۇنىڭغا ئىگە ئەمەس. رەسۇلۇللاھ پۈتۈن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلۇغراقى بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزىگە ھەرقانداق بىر پايدا يەتكۈزۈشكە ياكى زەرەرنى توسۇپ قېلىشقاقادىر بولمىغان تۇرسا، بۇنى باشقىلارغا قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىنمۇ؟

«يېقىن خىش - ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن.» (شۇئەرا سۈرىسى 214 - ئايەت)
دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«ئى بەنى كەئبى ئىبنى لۇئەي! ئۆزۈڭلارنى ئوتتىن قۇتقۇزۇڭلار.
ئى بەنى ئابد شەمىس! ئۆزۈڭلارنى ئوتتىن قۇتقۇزۇڭلار.
ئى بەنى ئابد مەنناف ئۆزۈڭلارنى ئوتتىن قۇتقۇزۇڭلار.
ئى بەنى ئابدۇلمۇتەللىپ! ئۆزۈڭلارنى ئوتتىن قۇتقۇزۇڭلار.
ئى مۇھەممەد قىزى پاتىمە! ئۆزەڭنى ئوتتىن قۇتقۇزغىن. مەن ئاللاھتىن سىلەرگە بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن.»
باشقا بىر رىۋايەتتە: «ئى قۇرەيش خەلقى! ئۆزەڭلارنى ئاللاھتىن سېتىۋېلىڭلار. مەن ئاللاھتىن سىلەرگە بىر نەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن. ئى بەنى ئابدۇلمۇتەللىپ! ئى ئاببا‌س ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ مەن ئاللاھتىن سىلەرگە بىر نەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن. ئى رەسۇلۇللاھنىڭ هاممىسى سەپىيىيە! مەن ئاللاھتىن ساڭا بىر نەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن. ئى رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى پاتىمە! مېنىڭ مېلىمدىن خالىغىنىڭنى تىلىگىن. ئەمما ئاللاھتىن ساڭا بىر نەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن» دېگەن.
ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز».
يەنى پەقەت ساڭىلا بەندىچىلىك قىلىمىز ۋە پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. ئىبادىتىمىزنى خاس ساڭىلا قىلىمىز ۋە سەندىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلمايمىز. دۇنيا ۋە دىن ئىشلىرىمىزدا پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. سەندىن باشقا ھېچكىمدىن ياردەم سورىمايمىز.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « تىلىسەڭ ئاللاھتىن تىلىگىن، ياردەم سورىساڭ ئاللاھتىن سورىغىن.»
ئەگەر ئۇ بىدئەتچىلەر بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئويلاپ باقسا ۋە بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلغان ۋە ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ئىماملارنىڭ تەپسىرلىرىگە ۋە بۇ ھەدىسلەرنى شەرھى قىلغان مۆتىۋەر كىتاپلارغا قاراپ باقسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ بىلەن، پەيغەمبەرلەر بىلەن ۋە سالىھ كىشىلەر بىلەن ۋەسىلە قىلىشنىڭ دىنىدىن ئەمەسلىكىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى ۋە ئۇلاردىن ياردەم سوراشنىڭ شېرىك ۋە ئۇچۇق كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى.

بۇ تەۋھىد — بەندىنىڭ، ئاللاھنىڭ كىتابىدا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە خەۋەر بېرىلگەن ئاللاھنىڭ كامال سۈپەتلىرىگە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ گۈزەل ئىسىملىرىگە ۋە ئاللاھنىڭ كاتتا، بۈيۈكلىكىگە لايىق سۈپەتلىرىگە قەتئىي ئېتىقاد قىلىشتۇر.

ئاللاھنىڭ ھايات سۈپىتى: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇت (بەرھەق)يوقتۇر. ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر. مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (ئال ئىمران سۈرىسى 2 - ئايەت)

ئىلىم سۈپىتى: «ئۇلار ئاللاھنىڭ (بەرگەن) مەلۇماتىدىن (ئاللاھ)ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن)باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 255 - ئايەت)

«(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.» (مۇلۇك سۈرىسى 14 - ئايەت)

ئىرادە سۈپىتى: «ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا.» (ياسىن سۈرىسى 82 - ئايەت)

قۇدرەت سۈپىتى: «ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» (پەتھى سۈرىسى 21 - ئايەت)

ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سۈپىتى: « ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى)ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (نىسا سۈرىسى 134 - ئايەت)

كالام (سۆزلەش) سۈپىتى: «ئاللاھ مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى.» (نىسا سۈرىسى 164 - ئايەت) «مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغاسۆز قىلغان چاغدا.» (ئەئراپ سۈرىسى 143 - ئايەت)

رەھمەت سۈپىتى: «رەھمان ۋە رەھىم سۈپەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.» (نەمل سۈرىسى 30 - ئايەت)

سۆيگۈ، مۇھەببەت سۈپىتى: «ئۇ، ئۇلارنى سۆيىدۇ. ئۇلارمۇ ئۇنى سۆيىدۇ.» (مائىدە سۈرىسى 54 - ئايەت)

يەدەيىن (ئىككى قول)سۈپىتى: «ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى؟» (ساد سۈرىسى 75 - ئايەت)

ۋەجھى(يۈز - زات)سۈپىتى: «ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ.» (رەھمان سۈرىسى 27 - ئايەت)

ئەل ئىستىۋا ئەلەلئەرشى (ئەرشىدە قارار ئېلىش) سۈپىتى: «مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرشى ئۈستىدە ئۆزىگە (لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى» (ئەئراف 54 - ئايەت، يۇنۇس 3 - ئايەت، رەئد 2 - ئايەت، فۇرقان 59 - ئايەت، تاھا 5 - ئايەت، سەجدە 4 - ئايەت، ھەدىد سۈرىسى 4 - ئايەت) قاتارلىق يەتتە سۈرىدە زىكىر قىلىنىدۇ.

نۇزۇل(پەسكە چۈشۈش) سۈپىتى: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز ھەر كېچە دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ. مەغپىرەت تەلەپ قىلغان كىشى بارمۇ؟ مەغپىرەت قىلىمەن. ھاجىتى بار كىشى بارمۇ؟ ھاجىتىنى راۋا قىلىمەن. تەۋبە قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن دەپ نىدا قىلىدۇ.» (بۇخارى رىۋايىتى)

بۇندىن باشقا ئاللاھ تەئالانىڭ نۇرغۇن سۈپەتلىرى بولۇپ، بۇنى يىگىرمە سۈپەتكە توختىتىشقا بولمايدۇ. بۇنى يىگىرمىگە توختىتىش كېيىنكى ئالىملارنىڭ بىدئەتلىرىدۇر. بەلكى ئۇنى يىگىرمىدىن كۆپ سۈپەتلەردە توختىتىشقىمۇ بولمايدۇ. بۇھەقتە قۇرئان كەرىم ۋە سەھى ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن پۈتۈن سۈپەتلەرگە تەمسىل ۋە تەشبىھ قىلماستىن، ھەممىنى پاك سۈپەتلەر دەپ ئېتىقات قىلىش بىزگە ۋاجىپتۇر.

بۇھەقتە ئاساسلىق سۆز، ئاللاھنى ئۆزى سۈپەتلىگەندەك ياكى رەسۇلۇللاھ سۈپەتلىگەندەك ۋە ياكى مۆتىۋەر بۈيۈك ئىماملار قۇرئان، ھەدىسقا ئۇيغۇن بولغان ھالدا سۈپەتلىگەندەك سۈپەتلەشتۇر.

بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ تۇتقان يولى ئىككى باتىل ئوتتۇرىسىدىكى بىر ھەقتۇر. بۇ باتىلدىن بىرى تەمسىل، يەنە بىرى بولسا تەۋىلدۇر. بۇلارنىڭ ھەرئىككىلىسى

باتىلدۇر. تەمسىل قىلغۇچى بولسا، بۇتقا چوقۇنىدۇ. تەۋىل قىلغۇچى بولسا، يوق بولغان نەرسىگە ئىبادەت قىلىدۇ. خالىس تەۋھىد ئىگىسى بولسا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئىلاھىغا ئىبادەت قىلىدۇ. «ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (شۇرا سۈرىسى 11 - ئايەت)

ئايەتنىڭ باش قىسمى ئاللاھ تەئالانى مەخلۇقاتقا ئوخشىتىشتىن يىراق تۇرۇپ، مۇشەببىھە مەزھىبىگە (ئاللاھنى ئىنسانغا ئوخشىتىدىغان مەزھەپ) رەت قىلىدۇ.

ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمى بولسا، ئاللاھنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سۈپىتىنى ئىسپاتلاش بولۇپ، بۇ تەۋىلچىلەر مەزھىپىگە رەتتۇر.

بۇرۇنقى ئالىملار ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتمايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ زاتىنىمۇ مەخلۇقاتلارنىڭ زاتىغا تەمسىل قىلمايدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ مۇقەددەس زاتى مەخلۇقاتلارنىڭ زاتلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىمۇ مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئەگەر بىز ئاللاھنىڭمۇ ئىلمى بار، مەخلۇقاتلارنىڭمۇ ئىلمى بار دېسەك، ئاللاھ تائاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.» (ئەنئام سۈرىسى 101 - ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.» (مۇلۇك سۈرىسى 14 - ئايەت)

مەخلۇقاتلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئىبراھىمغا بىلىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردى.» (زارىيات سۈپىتى 28 - ئايەت)

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«يۈسۈپ: «مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن، دېدى.» يۈسۈف سۈرىسى 55 - ئايەت)

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەئالانىڭ ئىلمى يۈسۈپ ياكى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلمىغا ئوخشاش ئەمەستۇر. ئاللاھ تەئاللا ئۆزىنى رەھمەت ۋەشەپقەت سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەيدۇ: «ئاللاھ ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (تەۋبە سۈرىسى 117 - ئايەت) «ئاللاھ مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (ئەھزاب

سۈرىسى 43 - ئايەت)
رەسۇلۇللاھ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:
«(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر. مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر. ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.» (تەۋبە سۈرىسى 128 - ئايەت)
ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتى مەخلۇقاتلارنىڭ رەھمىتىگە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ شەپقىتى مەخلۇقاتلارنىڭ شەپقىتىگە ئوخشىمايدۇ.
ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە ئايەتتە ئۆزىنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەيدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:
«ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (ئەمەللىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (لوقمان سۈرىسى 28 - ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھېچ شەيئى ئاللاھقا مۇھتاج ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (شۇرا سۈرىسى 11 - ئايەت)
مەخلۇقاتلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنى(يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىسى)دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز(شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق.» (ئىنسان سۈرىسى 2 - ئايەت)
بىز قۇرئاننىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىگە شەكسىز ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سۈپىتى ئۇنىڭ جامالىغا ۋە كامالىغا لايىق بىر سۈپەتتۇر.
ئىنساننىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلىشى بولسا، چەكلىك ۋە يوق بولىدىغان ئىنسانغا مۇناسىپ سۈپەتتۇر.
خالىقنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈشى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئاڭلاش ۋەكۆرۈشى بولسا، خالىق بىلەن مەخلۇقات ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ.

ئاللاھ ئۆزىنىڭ ھايات سۈپىتىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (ئال ئىمران سۈرىسى 2 - ئايەت) ۋەيەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھاياتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.» (غاپىر سۈرىسى 65 - ئايەت)

بەزى مەخلۇقاتلارنىڭ ھايات سۈپىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار(ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟!» (ئەنبىيا سۈرىسى 30 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە، تىرىلىپ(قەبرىدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈندە(ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىدۇ.» (مەريەم 15 - ئايەت) شۈبھىسىزكى، خالىقنىڭ ھاياتى مەخلۇقاتنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش بولمايدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرشى ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى.» (تاھا سۈرىسى 5 - ئايەت)

مەخلۇقاتلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى، زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن دېيىلدى.» (ھۇد سۈرىسى 44 - ئايەت) بۇنىڭدا نوھنىڭ كېمىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى جۇدى تېغى ئۈستىدە قارار ئالغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە. تەبىئىيكى ئاللاھنىڭ ئەرش ئۈستىدىكى ئىستىۋاسى(قارار ئېلىشى) بىلەن كېمىنىڭ جۇدى تېغى ئۈستىدىكى ئىستىۋاسى ئوخشاش ئەمەس.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ سىرتىغا چىقمايمىز. ئاللاھنىڭ ۋەھىي ئارقىلىق كەلگەن سۈپەتلىرىنى جەھەمىيە ۋە مۇتەزىلىگە ئوخشاش تەۋىل قىلمايمىز. جەھەمىيە ۋە مۇتەزىلە بولسا، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى مۇنداق تەۋىل قىلىشىدۇ. يەد (قول) نى نېمەت، ئىستىۋانى ئىستىلا(ھۆكۈمرانلىق قىلىش، بېسىۋېلىش)، ۋەجھىنى يۈز، زات، رەھمەتنى پەزىلەت مەنىسىدە تەۋىل، تەپسىر قىلىشىدۇ. ئاللاھنىڭ نۇزۇلىنى (پەسكە چۈشۈشىنى)، ئۇنىڭ ئەمرىنىڭ ياكى رەھمىتىنىڭ ۋەياكى مەلەكىلەرنىڭ چۈشۈشىدۇر دەيدۇ.

بىز بولساق بۇنداق ئازغۇن، پەيلاسوپلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇنداق پاسىد تەۋىللەرنى توغرا كۆرمەيمىز.

بۇخىل تەۋىللەر ئىنساننى كۇپۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇزغۇنچىلارنىڭ قولىدا شەرىئەتنى ئويۇنچۇق هالىغا كەلتۈرىدۇ. ئەقىدە ۋە شەرىئەتنى گۇمران قىلمىسمۇ، ئۇنداق نىيەتلىرى بولمىسمۇ، تەۋىل قىلىش يولىغا مېڭىش بىلەن بۇنداق خەتەرلىك ئىشقا يول ئاچقان بولىدۇ.

رەسۇلۇللاهنىڭ سائادەت دەۋرىدە ئۇندىن كېيىنكى ساهابىلار، تابىئىنلار، ئۇلارغا تابى بولغان بۈيۈك ئىماملاردىن ئىمام ئەبۇ هەنىپە، ئىمام شاپىئى، ئىمام مالىك، ئىمام ئەهمەد ئىبنى هەنبەل، ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، نىسائى، ئەبۇ داۋۇد، سەۋرى، ئىبنى ئۇيەينە ۋە باشقا هەدىسچىلەر، بۈيۈك فىهقشۇناسلار، شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان تەسەۋۋۇپچىلاردىن جۈنەيىد بەغدادى، شەيخ ئابدۇلقادىر جىيلانى ۋە ئەبۇنەئىملەر، خەلىل ئىبنى ئەهمەد، سەئىلەبەگە ئوخشاش لۇغەت ئالىملىرى ۋە باشقىلار (ئاللاه هەممىسىدىن رازى بولغاي) ئاللاه تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنى سۈپەتلىگەن ۋە رەسۇلۇللاهنىڭ سەهى هەدىسلىرىدە سابىت بولغان سۈپەتلىرىنى تەمسىل قىلماي، شەكىل بەرمەي، تەۋىل قىلماي ئۆز ئەينى ئېتىقاد قىلغانىدى. بۇ زاتلار مۇشۇ ئېتىقادنى قوغداپ ۋە مۇشۇ ئېتىقاد بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. بىزنىڭ ئاخىرقى دۇئايىمىز پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاهقا خاستۇر. ئاللاه تەئالادىن بۇ رىسالىمىزنى ئۆز دەرگاهىدا بىز ئۈچۈن ۋە پۈتۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغان بىر ياخشىلىققا ۋەسىلە بولۇشنى تىلەيمىز. ئۇ ئاللاه ئاڭلىغۇچى ۋە ئىجابەت قىلغۇچىدۇر. رەهمەت ۋە سالامەتلىك، پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساهابىلىرىغا بولغاي!